*Вәтәнни сөйүш - иманниң җүмлисидиндур*

ۋەتەننى سۆيۈش ـ ئىماننىڭ جۇملىسىدىندۇر

قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق»
جەمئىيىتىنىڭ ئاممۋىي ـ سىياسىي گېزىتى

**Общественно - политическая газета
Общественного объединения уйгуров
“Иттипак” Кыргызской Республики**

# ИТТИПАК ئىتتىپاق ЫНТЫМАК

№ 3 (881), март, 2021 г.

2021ـيىل، نورۇز 3ـسان (881)

**-Газета издается с марта 1994 года**

## В НОМЕРЕ:



Встреча с ректором КТУ «Манас» Стр.2



ДУК рәһбәрлири билән учрушуш 4-бәт



Әлишир Наваий 8-9-бәт



Невосполнимая утрата стр -15



Звёзды спорта Стр.16



# С ВЕСЕННИМ ПРАЗДНИКОМ НООРУЗ!

# نورۇز بايرىمىڭلار مۇبارەك بولسۇن!



*Президент КР Садыр Жапаров 21 марта поздравил кыргызстанцев с праздником Ноорyз*

*«Дорогие соотечественники! От всего сердца поздравляю всех с праздником Ноорyз!*

*Ноорyз — один из древнейших празднеств в истории человечества, который отмечается на протяжении тысячелетий. Сущностью праздника является прославление обновления природы, обозначение тесной связи между обществом, человеком и окружающей средой.*

*Еще много веков назад наши предки знали, что в этот момент день равняется ночи, а далее световой день становится длиннее и начинается весенний труд. Так издревле возник обычай отмечать и воспевать этот день, считая его священным. Выражение „Великий день народа“ восходит к тем давним временам. Сегодня народ Кыргызстана как никогда с нетерпением ожидает новых преобразований, стремясь к развитию. Эта весна особенная для республики, потому как перед народом стоит очень важное и ответственное событие, необходимо сделать еще один важный шаг для закрепления прошлых достижений и реализации реформ — провести Референдум по проекту новой Конституции.*

*Его цель — вознести наше общество на новые высоты, к благополучной жизни, к укреплению единства нации.*

*Каждая семья сегодня, сидя вокруг накрытого дасторкона, через благословления выражают свои надежды на очищение общества и желают прихода благополучия в свои дома.*

*Ведь мы можем построить светлое будущее только на основе единства и сплоченности.*

*Пусть Ноорyз и далее вдохновляет нас и принесет счастье нашему народу! Пусть он принесет нашей стране процветание и благоденствие!»*

**Официальный сайт Президента КР**

پرېزىدېنت سادىر جاپاروۋ 21 ـ مارت كۈنى قىرغىزستان خەلقىنى نورۇز بايرىمى بىلەن تەبرىكلىدى.

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار!

مەن نورۇز بايرىمى بىلەن ھەممىڭلارنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن!

نۇرۇز بايرىمى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان نىشانلىنىپ كېلىۋاتقان ئەڭ قەدىمكى بايراملارنىڭ بىرى. بۇ بايرامنىڭ ماھىيتى ـ تەبىئەتنىڭ يېڭىلىنىشنى مەدھىيلەش، جەمئىيەت، ئادەم بىلەن مۇھىتنىڭ قويۇق باغلىنىشنىڭ بەلگۈسى.

نۇرغۇن ئەسىرلەر ئىلگىرى، ئەجدادلىرىمىز بۇ پەيتتە كۈننىڭ كېچىگە تەڭ كېلىدىغانلىغىنى، ئاندىن كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن بولىدىغانلىغىنى ۋە ئەتىيازلىق ئەمگەكنىڭ باشلىنىدىغانلىغىنى بىلگەن. بۇ ئادەت قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ تا ھازىرغىچە باھار بايرىمى بولۇپ كەلمەكتە.

بۈگۈنكى كۈندە، قىرغىزستان خەلقى يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە ئىنتىزار بولۇپ، تەرەققيات ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ.

بۇ باھار جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن ئالاھىدە، چۈنكى ئىنتايىن مۇھىم ۋە مەسئۇلىيەتچان بىر ھادىسە خەلققە دۇچ كېلىۋاتىدۇ، ئىلگىرىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مۇستەھكەملەش ۋە ئىسلاھاتنى يولغا قويۇش ئۈچۈن يەنە بىر مۇھىم قەدەم تاشلاپ، دۆلەتنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇن لايىھىسىنى ئومۇمىي خەلق ئارىسىدا ئاۋازغا قويۇش كېرەك.

بىزنىڭ مەقسىتىمىز جەمئىيىتىمىزنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش، گۈللەندۈرۈش، مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىغىنى كۈچەيتىش.

ھەر بىر ئائىلە بۈگۈنكى كۈنلەردە دەستۇرخاننىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ پاكلىنىشنى ۋە رىۋاجلىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىز پەقەتلا ئىتتىپاقلىق ۋە شانلىق ئەمگىگىمىز ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ پارلاق كېلەچىگىمىزنى بەرپا قىلالايمىز.

نۇرۇز بىزنى داۋاملىق ئىلھاملاندۇرۇپ، خەلقىمىزگە خۇشاللىق ۋە بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلسۇن!

دۆلىتىمىزگە گۈللىنىش ۋە مېھرىۋانلىق ئېلىپ كەلسۇن!

قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتىنىڭ رەسمىي تورى



# Встреча с ректором КТУ «Манас»

ООУКР “Иттипак” всегда проявляет особую поддержку юному поколению нашего Общества, поэтому образование уйгурской молодежи всегда стоит на первом месте. С целью сохранения и укрепления отношений между братским турецким и уйгурским народами, была организована встреча с ректором Кыргызско-Турецкого университета “Манас”.

15 марта 2021 года ООУКР “Иттипак” во главе с председателем Аскаром Касымовым, главным редактором газеты “Иттипак” Акбаржаном Баудуновым, писателем и поэтом Музаппарханом Курбановым,а также доктор-



анткой унивеситета им. Хаджи Байрам Вели г. Анкары Дильназ Сайпединовой состоялась встреча с первым лицом КТУ “Манас”, ректором Альпарслан Жейланом.

В ходе встречи были затронуты вопросы поступления абитуриентов в университет Манас из числа уйгурской молодежи и содействие в этом вопросе со стороны ректората КТУ «Манас». На встрече были сказаны слова благодарности от председателя ООУКР “Иттипак” турецкому народу в лице Альпарслана Жейлан, после чего в знак благодарности был подарен национальный уйгурский головной убор “доппа” и книга – альбом известного уйгурского художника Кыргызстана Сабита Бабаджанова «Лик мироздания».

Благодаря усилию и поддержке ООУКР “Иттипак” за последние 5 лет в престижные университеты Турции поступили свыше 100 человек. Несомненно, этот показатель должен расти из года в год для того, чтобы наше поколение достигло немалых высот как в сфере образования так и на профессиональном уровне.

**Дильназ Сайпединова,**
докторантка университета им. Хаджи Байрам Вели г. Анкары

# Сөйүмлүк гезитимизни қәдирләйли

Хәлқимиздә «гезит - һаятимизниң әйниги» дегән гәп бар. Бу һәқтә көп сөзлимисәкму, һәр қандақ инсан билидуки, гезит һәммимизниң йеқин сирдишидур.

Көп жиллардин бери Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң һамийлиғида нәшир қилинип келиватқан «Иттипақ» гезити һаятимизда әң чоң байлиғимизға, мәдәткаримизға, йеқин достимизға айланди. Биз бу гезит арқилиқ дунияда болуватқан муһим өзгиришләр, вақиәләрдин, йеңилиқлардин хәвәрдар болмақтимиз. Башқа гезит-журнал, радио, телевидение каналлирида елан қилинмайдиған йеңи хәвәр вақиәләрдин, баһалиқ илмий, тарихий мақалилардин бәһриман болуватимиз. Уйғурлар һаятидики муһим муәммаллар, яш әвлатларниң утуқлири - илим, тәнтәрбийә, сәнәт, әдәбият саһасидики мувәппәқийәтлиридин махтинишқа муйәссәр болимиз. Униңдин башқа пүтүн дуниядики уйғурлар һаятидики өзгүрүшләр вә йеңилиқларни билип туримиз. Әң муһими, вәтинимиз Уйғуристанда боливатқан вақиәләр, хәлқимизниң көриватқан зулумлири, хитай баскунчилириниң миллитимизни пүтүнләй йоқ қилиш үчүн қиливатқан



иркий қирғинчилиғи, яшлиримизни Хитайниң ички өлкилиригә йөткәп, қул һесавида хорлаватқанлиғи, қизлиримизни дәпсәндә қиливатқанлиғи, ар-номуслуқ қизлиримизни хитайларға хотунлуққа мәҗбурләватқанлиғи, сәбий балилиримизни ата-анилиридин айрип хитай өлкилиригә йөткәп, хитай психологиясини синдурватқини, һәр бир уйғур аилисигә «қошмақ тиккан» дәп хитайларни әкирип қойғанлиғи вә уларниң өй егисигә айлинип, уйғурлар үстидин һөкүмранлиқ қиливатқанлиғи, түрмиләрдә, лагерьларда миллионлап инсанларниң хорливатқанлиғи вә өлтүриватқанлиғи һәққидә хәвәрдар боливатимиз.

Қара-Балта шәһири көп жиллардин буян уйғурлар башқа милләтләр билән биллә олтурақлишип яшаватқан шәһәрләрниң бири. Шәһиримиздин көрнәклик инсанлар вә яшиған. Шу сәвәплик «Иттипақ» гезити нәшир қилинишқа башлиғандин буян жүртдашлиримиз интайин зор қизғинлиқ билән «Иттипақ» гезитигә муштири болмақ болуп кәлмәктә. Яшлиримизму, «Иттипақ» гезитиниң уйғурлар һаятида қанчилик муһим роль ойнайдиғинини чүшинип, гезит қолиға тәккичә тәққазалиқ билән күтмәктә.

Қара-Балта шәһиридә бурун «Иттипақ» гезитигә муштири болғанлар 100дин артуқ болса, бу жил 150 нусқиға көпәйди. Яшлиримиз гезитимизниң қәдирини тонуп йәтмәктә. Келиңлар, һөрмәтлик ериндашлар, һәммимиз бирликтә сөйүмлүк «Иттипақ» гезитимизни қәдирләйли!

**Қара-Балта шәһири аһалисидин:**

**Ғәйрәт Қасимов, Мөйдүнҗан Мусаев, Абдукерим Момунов, Әркин Садиқов Һаҗимурат Һашимов, Рейимһаҗи Әхмәтов, Бақиҗан Алимжан, Тохтаҗи Муһәммәт, Муһәммәтжан Ясин, Алимжан Розиев қатарлиқлар.**

**Иттипак**
**Главный редактор:** Акбаржан Баудунов
**باش مۇھەررىر:** ئەكبەرجان باۋۇدۇن
**Зам. редактора:** Абдурахим Хапизов, Осман Турдиев
**مۇئاۋىن مۇھەررىرلەر:** ئابدۇرەخىم ھاپىزى، ئۇسمان تۇردىيىۋ

**Редколлегия:** Музаппархан Курбанов, Мухаммеджан Ясынов, Сабиджан Бабаджанов
**تەھرىر ھەيئىتى** مۇزەپپەرخان قۇربانوۋ، مۇھەممەتجان ياسىنوۋ، سابىتجان باباجانوۋ
**Дизайнер - верстальщик:** Зумрат Рузиева
**دىزاينېرى - ۋېرستالشىكى:** زۇمرەت رۇزىيېۋا
**Набор текста:** Зумрат Рузиева
**تېكىستنى نابور قىلغان:** زۇمرەت رۇزىيېۋا

Материалы, опубликованные в газете, являются собственностью редакции. Письма, рукописи не рецензируются и не возвращаются. Авторы опубликованных материалов несут ответственность за подбор и точность приведенных фактов. Редакция может публиковать статьи в порядке обсуждения, не разделяя точку зрения автора. Ответственность за содержание статей и рекламы редакция не несет.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدىكى ماتېرىئاللارنىڭ جاۋاپكەرلىگى مۇئەللىپ ئۈستىدە.

**Учредитель:**
**Общественное объединение уйгуров «Иттипак» Кыргызской Республики**
**ساھىبى:**
**«ئىتتىپاق» جەمئىيىتى**

**Свидетельство о перерегистрации 682, серия ГРП, номер 000833 Министерство юстиции КР**

**Отпечатано в типографии «Центр поддержки СМИ». Заказ № 475, тираж 3300**

**г. Бишкек, АНК, Дом Дружбы, ул. Пушкина, 78**
**инд. :720040**
**Тел.: 62-04-50, 66-40-04**

# ВЕСЕННИЙ ПРАЗДНИК НООРУЗ - 2021





19 марта 2021 года в селе Лебединовка Аламединского района Чуйской области проведено мероприятие, посвященное весеннему празднику Нооруз, которое было организовано под руководством заведующей Дома Культуры Дамирой Кубатовой. На празднике в качестве гостя был приглашен аким Аламединского района Марс Саккараев, который выступил с поздравительной речью. Также на данном празднике приняли участие этно-культурные центры: казаки Семиречья, славянская и уйгурская диаспоры. На празднике были представлены национальные кухни кыргызского, уйгурского и славянских народов. Кроме того были показаны кыргызские обычаи и традиции. Всех присутствующих угощали традиционным сумёлёком.


Кыргыз Республикасынын Маданият, маалымат, спорт жана жаштар саясаты министрлиги
Аламүдүн райондук маданият бөлүмү
ЫРААЗЫЧЫЛЫК КАТ
Аламүдүн районунун аймагында улуттар аралык ынтымакты бекемдөөгө, кыргыз элинин маданий, руханий баалуулуктарын сактоого, жайылтууга кошкон зор салымы жана "Нооруз" элдик майрамына активдүү катышкандыгы үчүн
Уйгур диаспорасына
Аламүдүн райондук маданият бөлүмү терең ыраазычылык билдирет
Аламүдүн райондук маданият бөлүмүнүн башчысы Д.Кубатова
Лебединовка айылы 2021-жыл



Со стороны уйгурской диаспоры организаторами были: жигитбеши села Лебединовка Эркин Велямов и Исмаил Таиров, активисты села Лебединовка Абдукаим Миррахимов, Асия Миррахимова и Дильбар Хазанова. Также в праздновании Нооруза приняли участие уйгурская танцевальная группа «Юлтуз» и музыкальный ансабль народных инструментов «Интизар».

По завершении мероприятия уйгурская диаспора получила благодарственное письмо от имени Дома культуры села Лебединовка Аламединского района.

**Исмаил Таиров,**
*жигитбеши с. Лебединовка*





*20 марта в селе Беловодское отпраздновали Нооруз. Праздник начался с танца «Уйгур кызы» в исполнении Айгуль Нурмахамедовой. На празднике присутствовали жители села и почетные гости, которые выступили с поздравительными речами: руководитель Аппарата администрации Московского района Самат Баймурзинов, председатель ООУ КР «Иттипак» Аскар Касымов, глава а/о Беловодского района Куан Ешалиев, глава Петровского а/о Данияр Астаров, представитель курдской диаспоры Айдан Алиев, депутаты аильных аймаков района.*

*Затем жигитбеши села Беловодское Сиражиддин Каримов поздравил всех присутствующих с праздником Нооруз, поблагодарил организаторов мероприятия Оттуз огул села Беловодское под руководством Икрама, Рустама, Адыла и вручил всем членам Оттуз огул благодарственные письма и национальные головные уборы. Он также выразил благодарность Бахтахуну Кадырову за вклад в борьбе с коронавирусом во время пандемии и вручил ему благодарственное письмо.*

*После торжественной части праздника всех пригласили за праздничный стол с традиционными национальными блюдами.*

*Гостям и участникам мероприятия была представлена концертная программа с участием Манзуры Аюповой и Шахзады Ниязовой.*



***Сиражиддин Каримов,***
***жигитбеши с. Беловодское***

www.uyghurkitap.com

# Қирғизстан уйғурлири Дуния уйғур курултейиниң рәһбәрлири билән тор арқилиқ жиғин өткәзди




28-февраль күни Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң идарисидә Дуния уйғур курултейиниң рәһбәрлири билән тор арқилиқ жиғин өткүзүлди. Мәзкур жиғин Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийити вә Дуния уйғур курултейиниң Қирғизстандики вакаләтчиси Розимуһәммәт Абдулбакиниң рәһбәрлигидә уюштурулди.

Мәзкур тор жиғиниға Дуния уйғур курултейиниң рәиси Долқун Әйса, муавин рәиси Әркин Әкрәм, Ижраийә комитетиниң рәиси Өмәр Қанат әпәнди вә башқилар, шундақла Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң рәиси Әскәр Қасими, башлиқ «Иттипақ» җәмийитиниң Мәркизий кеңәш әзалири, аяллар вә Яшлар комитетлириниң әзалири болуп 30дин ошуқ киши қатнашти.

Жиғин җәриянида ДУК рәһбәрлири уйғур хәлқиниң бүгүнки вәзийити, лагерьлар вә мәҗбурий әмгәк мәсилиси шундақла Хитай һакимийити елип бериватқан ирқи қирғинчилиқ сәяситигә қарши турушта елип барған паалийәтлири тоғрисида тәпсилий чүшәнчә бәрди, шундақла Қирғизстандики уйғур җамаитиниң ой-пикирлирини аңлиди. Бу типтики жиғин Қирғизстанда биринчи қетим уюштурулди. Жиғинниң асасий мәқсити-Қирғизстан уйғурлириға ДУК паалийәтлирини беваситә аңлитиш вә Қирғизстан уйғурлири билән пикир алмишиш терикисидә өтти ойғутуп, һәри-кәтләндүргүч күч бериштин ибарәт. Зияритимизни қобул қилған Розимуһәммәт Абдулбақи, мәзкур жиғинниң мәқсити вә мөлчәрләнгән нәтижиләр һәққидә тохталди.




Мәзкур жиғин давамида Долқун Әйса әпәнди «Иттипақ» җәмийитиниң уйғур мәдәнийитини тәрәққий қилдурушта муһим рол ойниватқанлиғини тилға алди.

Тор арқилиқ уюштурулған мәзкур жиғин вақит чәклимиси билән икки саат давам қилди, қатнашқучилар һаяҗанлинип, улар билән өзлириниң пикир-тәклиплирини ортақлашти. ДУК рәһбәрлири йәнә Қазақстандики уйғур җамаити билән му тор арқилиқ учрашти. «Иттипақ» җәмийитиниң Мәркизий кеңәш әзаси Камилҗан Низов бу жиғиндин алған тәсиратлири һәққидә тохталди.



Мәзкур жиғинға қатнашқан Ново-Покровка йезисиниң уйғур җамаәтчилигиниң жигитбеши Ғәйрәт Жаһанов, ДУҚниң елип барған паалийәтлири вә келәчәк планлири тоғрисида өз мәһәллисидикиләргә йәткүзидиғанлиғини тәкитлиди.

Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийити көп жиллардин буян Дуния уйғур курултайлириға қатнишип, ДУҚ рәһбәрлири вә һәркайси дөләттики уйғур қериндашлири билән дидарлишип туруватиду. Лекин, коронавирус кесили дунияға ямрап кетип, нурғун жиғин-паалийәтләр әмәлгә ашмиди, лекин Қирғизстан уйғур җамаәтчилиги үмүт билән келәчәккә йүзләнмәктә. Кейинки жилларда Қирғизстан уйғурлириниң яшлириму уйғур мәсилисигә көңүл бөлүп, тарихий вәтинидики вәзийәтни көрүш арқилиқ, уларниң миллий кимлиги вә вәтәнпәрвәр роһи күчәймәктә.

**Ферузә**

## «ئىيى» پارتىيەسى تۈركىيە پارلامېنتىدىن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلۇملىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتىشىنى تەلەپ قىلدى

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇملىرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، كانادا ۋە گوللاندىيە پارلامېنتى تەرىپىدىن بىردەك «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتىلىشى، تۈركىيەدىمۇ كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. مۇشۇنداق بىر ئەھۋالدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئىزچىل ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتقان تۈركىيەدىكى «ئىيى»، يەنى «ياخشى» پارتىيەسى يېڭى بىر قەدەم تاشلىدى. مەزكۇر پارتىيەنىڭ پارلامېنتتىكى مەسئۇلى ئىسمائىل تاتلىئوغلۇ ئەپەندى، لۇتفۇ تۈرقان ئەپەندى، مۇساۋات دەرۋىشئوغلۇ ئەپەندىلەر 3-مارت كۈنى چۈشتىن كېيىن تۈركىيە پارلامېنتى رەئىسى مۇستافا شەنتوپ ئەپەندى بىلەن ئۇچراشقان. ئۇلار شەنتوپ ئەپەندىگە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزىۋاتقان زۇلۇملىرىنى تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ رەسمىي يوسۇندا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتىشىنى ۋە بۇ ھەقتە بىر قارار ماقۇللىشىنى تەلەپ قىلىپ، رەسمىي ئىلتىماس سۇنغان.

تۈركىيە پارلامېنتىغا سۇنۇلغان تەلەپ خېتىدە مۇنۇلار يېزىلغان: «1948-يىلى 12-ئاينىڭ 9-كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ماقۇللانغان ۋە 1951-يىلى 1-ئاينىڭ 12-كۈنى ئىجرا قىلىنىشقا باشلانغان ‹ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى› دە تۆۋەندىكى 5 خىل جىنايەت سادىر قىلىنسا، ئۇنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا كىرىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**بىرىنچى**، بىر مىللەت ياكى ئېتنىك توپلۇلۇققا مەنسۇپ ئەزالارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى.

**ئىككىنچى**، مەلۇم بىر مىللەت ئەزالىرىغا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن زىيان سېلىنىشى.

**ئۈچىنچى**، مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپلۇقنىڭ بىر قىسمىنىڭ يوق قىلىۋېتىلىشى ياكى تۇرمۇش شەرت-شارائىتلىرىنىڭ ۋەيران قىلىۋېتىلىشى.

**تۆتىنچى**، تۇغۇت چەكلەش ۋە تۇغۇتنى توسۇش ئۈچۈن چارە-تەدبىرلەرنىڭ قوللىنىشى.

**بەشىنچى**، باللارنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىۋېتىلىشى.

يۇقۇرىقى خەلقئارا ئەھدىنامىدە دېيىلگەنلەرنىڭ كۆپىنى خىتاي ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان باشقا مۇسۇلمان خەلقلەرگە ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ھازىر بۇلار بۇ جىنايەتلەر ‹ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت› ياكى ‹ئىرقىي قىرغىنچىلىق› تۈسىنى ئالماقتا».

مەزكۇر تەلەپ خېتىنىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلار يېزىلغان: «‹ئىيى› پارتىيەسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان زۇلۇملىرىنى توختىتىش ئۈچۈن تۈركىيە پارلامېنتىدا بۇنىڭ بىر ‹ئىرقىي قىرغىنچىلىق› ئىكەنلىكى



بېكىتىلگەن ئورتاق بىر قارارنى ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزۈشىنى، شۇنداقلا بۇ قارارنى دەرھال دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئېلان قىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز.»

تەلەپ خېتىنىڭ ئاخىرىغا «ئىيى» پارتىيەسىنىڭ پارلامېنتتىكى 3 ۋەكىلىنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان.

ھازىر تۈركىيە پارلامېنتىدا 4 چوڭ پارتىيەدىن سايلانغان 585 نەپەر پارلامېنت ئەزاسى بار بولۇپ، مەزكۇر پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ كۆپى بۇ تەلەپنى قوللىغان تەقدىردە ماقۇللۇقتىن ئۆتىدىكەن. تۈركىيە خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆچەيتىشنى يولغا قويۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇ قارارنىڭ ماقۇللۇقتىن ئۆتۈش ئېھتىمالى بارمۇ؟ بىز بۇ ھەقتە كۆز قارىشىنى ئىگىلەش ئۈچۈن سابىق باش مىنىستىر، «كېلەچەك» پارتىيەسىنىڭ رەئىسى ئەخمەت داۋۇتئوغلۇنى زىيارەت قىلدۇق. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئىيى پارتىيەسى بۇرۇنمۇ بىر قارار لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇنى بەزى پارتىيەلەر ۋە پارلامېنت ئەزالىرى قوللىغان ئىدى. ھازىر قايتا كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كەلدى. مەنچە، تۈركىيە پارلامېنتى دەرھال بارلىق پارتىيەلەر قول قويغان ئورتاق بىر قارار ماقۇللاپ، دۇنياغا جاكارلىشى كېرەك. گوللاندىيە پارلامېنتى، كانادا پارلامېنتى بۇ ھەقتە قارار ماقۇللىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ياۋروپا پارلامېنتى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا قارارلار ئېلان قىلدى. تۈركىيەنىڭ ھازىرغىچە بۇنداق بىر قارار ماقۇللىماسلىقى ئەيىب ئىشتۇر».

شەرقىي تۈركىستان ۋەقپىنىڭ سابىق سابىق رەئىسى، پېشقەدەم پائالىيەتچى ھامۇتخان گۆكتۈرك ئەپەندى «ئىيى» پارتىيەسىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان سىياسىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتىشى ئۈچۈن رەسمىي ئىلتىماس سۇنغانلىقىنىڭ زور ئەھمىيىتى بارلىقىنى، بۇنىڭ تۈركىيەدىكى زور بىر ئىلگىرلەش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

مۇتەخەسسىسلەر تۈركىيە پارلامېنتىدا بۇنداق بىر قارارنىڭ ماقۇللۇقتىن ئۆتۈشىنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى، لېكىن پارلامېنتنىڭ ھەرقايسي كومىتېتلىرىدا بۇ-نداق بىر قارارنى ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشمەكتە.

ئەركىن تارىم

## «شەرقىي تۈركىستاندا ئايال» بولۇش دېگەن تېمىدا ئىستانبۇلدا نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

8-مارت خەلقئارا ئاياللار بايرىمى كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىستانبۇلدىكى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئىستانبۇلدىكى خىتاي كونسۇلخانىسىغا يېقىن جايدىكى دېڭىز بويىدا «شەرقىي تۈركىستاندا ئايال» بولۇش دېگەن تېمىدا نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

نامايىشقا ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن ئەر-ئايال بولۇپ كۆپ ساندا كىشى قاتناشتى. نامايىشقا يەنە «يېڭى رىفاھ پارتىيەسى»، «ھودا پارتىيەسى»، «ئى ھا ھا ئىنسانىي ياردەم ۋەخپى» قاتارلىق پارتىيە ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ئاياللار بۆلۈملىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئەزالىرىمۇ نامايىشنى قوللاپ قاتناشتى.



نامايىشچىلار قوللىرىدا شەرقىي تۈركىستان بايراقلىرى بىلەن خىتاينىڭ لاگېرلىرىغا ۋە ياكى تۈرمىلىرىگە قامالغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ رەسىملىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا، «زالىم خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كەت!» دېگەندەك خىتايغا قارشى شوئارلار توۋلىدى.

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىگە ۋاكالىتەن شەرقىي تۈركىستان «نۇزۇگۇم مەدەنىيەت ۋە ئائىلە جەمئىيىتى» رەئىسى مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر خانىم باياناتنى ئوقۇپ ئۆتتى.

مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر خانىم شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان تراگېدىيەلەرنىڭ دەلىل-ئىسپاتلىرى بىلەن دۇنياغا ئاشكارا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى ۋە: «مۇسۇلمان زۇلۇمغا باش ئەگمەيدۇ، بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس بولغىنى جان ۋە شەرەپتۇر، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى كېرەك بولغان قەدەمنى بېسىشى كېرەك»، دېدى.

مۇنەۋۋەر خانىم خىتايغا قارشى ب د ت تەرىپىدىن جازا يۈرگۈزۈلۈشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا مىللىي ۋە دىنى سەۋەبتىن يۈرگۈزۈۋاتقان سىستېمىلىق دەپسەندىچىلىكلىرى خەلقئارا قانۇنغا ئاساسەن قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت كاتېگورىيەسىدىكى جىنايەتتۇر.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا پۈتكۈل دۆلەتلەرنىڭ خىتاينىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ جىنايەتلىرىنى توختىتىش مەسئۇلىيىتى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا دۆلەت باشلىقلىرىغا شۇنى خىتاب قىلىمىزكى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان بۇ جىنايەتلىرى توختىتىلسۇن ۋە جازا يۈرگۈزۈلسۇن! چۈنكى ب د ت كېلىشىمنامىسى بۇ خىل جىنايەت



سادىر قىلغانلارغا قارىتا جازا يۈرگۈزۈشنى بۇيرۇق قىلىدۇ».

مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر خانىم پۈتكۈل دۇنيادىكى ئاياللارنى ئۇيغۇر ئاياللارنى قوللاشقا چاقىرىق قىلىپ مۇنداق دېدى: «دىنى، ئېتىقادى، مىللىتى نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، دۇنيادىكى پۈتكۈل ئاياللارنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاياللار بىلەن ھەمكارلىشىشقا، قوللاشقا چاقىرىق قىلىمىز».

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتناشقان ئادۋوكات گۈلدەن سۆنمەز خانىم سۆز قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقانلارنىڭ يەككە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى بولماستىن بەلكى ئىجتىمائىي ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

كېيىن سۆز قىلغان تۈرك ژۇرنالىست مەرۋە شەبنەم ئورچ خانىم، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى، نەسلىنى، يېڭى ئەۋلادلىرىنى ئاستا-ئاستا يوق قىلىش ئۈچۈن ئاياللارغا قارىتا تۇتۇۋاتقان پوزىتسىيەسى، يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتى ئوچۇق بىر شەكىلدە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ».

مەرۋە شەبنەم خانىم سۆزىدە يەنە خىتاينىڭ قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەسلىدە سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان رەسىملەر بىلەن ئىسپاتلاندى، ئون مىڭلىغان ئىنسانلارنىڭ ھېكايىلىرى، دەرد-ئەلەملىرى ۋە رەسىملىرى بار، بىراق بۇنىڭغا قارىتا خىتاينىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە قانائەتلىنەرلىك جاۋابى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا جامائىتىنىڭ سۈكۈت قىلىشقا ھېچ بىر سەۋەبى يوق. بىر نەسلىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشتىن قوغدىشىمىز بۇ قىرغىنچىلىقنى توختىتىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز ۋە نەتىجە قازىنىشىمىز كېرەك».

ئارسلان

www.uyghurkitap.com

# Хитай Европа Иттипакиниң уйғур елини зиярәт қилиш шәртлирини рәт қилди



Хитай һөкүмити уйғурларға иркий қирғинчилиқ қилғанлиғини рәт қилип, уйғур ели ишигиниң хәлиқара җәмийәткә кәң очуқ екәнлигини илгири сүрсиму, бирақ зиярәткә шәрт қошуп, БДТ кишилик һоқуқ комиссари вә ғәрб дөләтлириниң мустәқил тәкшүрүш елип бериш тәләплирини рәт қилип кәлди.

Мәлум болушичә, Европа Иттипақи билән Хитай уйғур елини зиярәт қилиш шәртлиридә келишәлмигән. Европа Иттипақи Хитай билән 2019-жилдин буян Европа дипломатлириниң уйғур елини тәкшүрүши тоғрисида сөһбәтләр өткүзүп кәлгән

Хитайниң Европа Иттипақида турушлуқ баш әлчиси Жаң Миң 16-март күни «Европа сәясәт мәркизи» уюштурған тор жиғинида Хитайниң зиярәт мәсилисидики позициясини ақлап, Хитайниң «пәқәт бир тәләпниң сиртида барлиқ тәләпләрни қобул қилғанлиғи» ни илгири сүргән. Лекин Европа Иттипақиниң баянатчиси 17-март күни бәргән язма баянатида, Европа Иттипақиниң зиярәттин күтидиған тәләплирини шәрһиләп, бу тәләпләрдә чиң туридиғанлиғини билдүрди.

У Европа Иттипақи күткән тәләпләрниң «конкрет орунларға кириш, бу орунларға киришниң конкрет шәртлирини, шуниңдәк Европа парламентиниң Сахаров һоқуқ мукапатиниң еришкүчиси Илһам Тохти билән көрүшүшни өз ичигә алидиғанлиғи» ни билдүрди.

Хитайниң Брюссельдики баш әлчиси «Европа сәясәт мәркизи» дә қилған сөзидә түрмидики атақлиқ уйғур зиялийси Илһам Тохтини има қилип, Европа Иттипақи баш әлчилириниң «Хитай қануниға асасән җинайәт бекитилгән, қамақтики бир җинайәтчи билән көрүшүшни тәләп қилип туруваалғанлиғи, буниң қобул қилинмайдиғанлиғи» ни тәкитлигән. 2014-жили «бөлгүнчилик» билән әйиплинип, өмүрлүк қамақ җазасиға һөкүм қилинған Илһам Тохтиниң Хитай һөкүмити 2017-жилдин буян униң аилиси билән болған пүтүн алақисини үзүп ташлиған.

«Бир уйғурниң дадисини әркинликкә чиқириш күриши» намлиқ китапниң автори, йәни Илһам Тохтиниң Америкидики қизи Җәвһәр Илһам 17-март күни зияритимизни қобул қилип, Хитай баш әлчисиниң сөзлиригә инкас қайтурди.

У мундақ деди: «Алди билән Хитай қанунлири бойичә ейтқандиму мениң дадам зиярәт қилинишқа лаяқәтлик болуши, униң зиярәт қобул қилишиға капаләтлик қилиниши керәк еди. Бирақ, 2017-жилдин бери мениң аиләмдин һечким уни зиярәт қилалмиди. Мана һазир улар Европа Иттипақи әмәлдарлириниңму уни зиярәт қилишиға йол қоймиди.

У йәнә дадисиниң Хитай қануниға хилаплиқ қилмиғанлиғи, униң һечқачан «җинайәтчи» әмәслиги, униң хата қамалғанлиғи, һечқачан «бөлгүнчилик», «ашқунлуқ вә күтраткулуқ» қилмиғанлиғи, униң «тинчлиқпәрвәр, сөйүмлүк» адәм екәнлиги, униң кишиләргә ярдәм қилғанлиғи үчүн түрмидә ятмаслиғи, «җинайәтчи» дәп аталмаслиғи керәклигини тәкитлиди. У йәнә Хитайниң Европа Иттипақи әмәлдарлириниң районда әркин тәкшүрүш елип беришиға йол қоюшини тәләп қилди.

Җәвһәр Илһам мундақ деди: «Мениң Хитай һөкүмитигә җавабим шу, Хитай һөкүмити өз хаталиғини түзитип, Европа Иттипақи әмәлдарлириниң дадамни зиярәт қилиши, уйғур районида һечқандақ тәқиб вә назарәткә учримай, сәһнә оюнлирини көрсәтмәй, әркин тәкшүрүш елип беришиға йол қойсун, рухсәт қилсун, йәнә дадамниң түрмидики оқуғучилирини қоюп бәрсун».

Германиядики «Тәһдит астидики хәлиқләр тәшкилати» ниң мәслиһәтчиси Ясна Кавсәвичниң қәйт қилишичә, Европа Иттипақи уйғур елидә тәкшүрүш елип бериш үчүн һәргиз Хитайниң қойған шәртлирини қобул қилмаслиғи керәк. У, әгәр Хитайниң шәртлири қобул қилинса уйғур елиниң һәқиқий әһвалини билиш мүмкин әмәслигини билдүрүп: «Мән уларниң Хитай қойған шәртләрни һәргиз қобул қилмаслиғини үмут қилимән. Әгәр, уларниң шәртлирини қобул қилса, Хитай уларға ясап қойған җайлирини көрситиду. Бу әһвалда сиз районди реалиқни әмәс, улар көрситишни халайдиған җайларни, пәдәзләп қойған орунларни көрисиз, халас» деди.

**Әркин**

# США и Китай обменялись резкостями в начале встречи на Аляске

Американская сторона заявила об игре на публику со стороны представителей КНР, китайская — обвинила чиновников США в недопустимом разговоре с позиции силы

Высокопоставленные представители США и Китая обменялись резкими упреками в адрес политики друга друга в начале встречи в верхах на Аляске в Анкоридже. Американская сторона заявила об игре на публику со стороны китайских дипломатов, а китайская — обвинила представителей администрации Джо Байдена в разговоре с позиции силы, передает Reuters.



Госсекретарь Энтони Блинкен и советник по национальной безопасности Джейк Салливан начали свою встречу с главным китайским дипломатом Ян Цзечи и государственным советником Ван И в Анкоридже с выражения озабоченности действиями Китая. В числе таких действий Блинкен назвал политику Китая в Синьцзяне, Гонконге, Тайване, кибератаки на Соединенные Штаты, экономическое принуждением американских союзников. «Каждое из этих действий угрожает основанному на правилах порядку, который поддерживает глобальную стабильность», - заявил госсекретарь. В ответ Ян Цзечи обрушился с критикой на наступление на демократию в самих США, подавление меньшинств, внешнюю и торговую политику. «Соединенные Штаты используют свою военную силу и финансовую гегемонию, чтобы осуществлять юрисдикцию длинных рук и подавлять другие страны», - сказал он. Китайский дипломат заявил, что США злоупотребляют «так называемыми понятиями национальной безопасности, чтобы препятствовать нормальным торговым обменам и подстрекать некоторые страны к нападению на Китай». Он добавил, что разговор с Китаем с позиции силы — «это не способ иметь дело с китайским народом».

*Китай может первым свернуть поддержку экономики из-за пандемии*

После выступления китайского представителя, Блинкен задержал журналистов, а Салливан стал объяснять им, что США не стремятся к конфликту с Китаем, но будут отстаивать свои принципы и своих союзников. Обе делегации поспорили о том, когда представителей прессы удалят из зала, а после завершения обмена вступительными речами представитель администрации Байдена заявил, что Китай нарушил согласованный протокол, который предполагал двухминутные выступления обеих сторон, в то время как речь представителя Китая заняла намного больше времени. «Похоже, китайская делегация прибыла с намерением показать себя на публике, сосредоточившись на театральности и драматизме», — сказал американский чиновник. Он добавил, что такого рода драматизированные презентации «нацелены на внутреннюю аудиторию». Перед вступлением в должность президент США Джо Байден подвергся нападкам со стороны республиканцев, которые опасались, что его администрация будет слишком мягко подходить к Китаю. Но в последние недели высшие республиканцы дали согласие президенту на активизацию отношений с союзниками США, чтобы противостоять Китаю. В то время как большая часть китайской политики Байдена все еще формулируется, включая то, как обращаться с тарифами на китайские товары, введенными при Трампе, его администрация до сих пор делала более сильный акцент на демократических ценностях и утверждениях о нарушениях прав человека Китаем.

*Пекин будет добиваться отмены принятых Трампом антикитайских решений*

Китай настаивает на том, что встреча — это «стратегический диалог», США — что она носит единоразовый характер. «Ни одна из сторон не выиграет от того, что эта встреча будет признана полной неудачей», - сказала Глейзер.

***Сергей Мингазов***

***«Forbes Staff»***

## «دېر ستاندارد» گېزىتى: «خىتاي زۇلۇمىنى توختىتىشنىڭ بىردىن-بىر يولى خىتايىنى جازالاش»

گېرمانىيەدىكى «دېر ستاندارد» گېزىتى د ئۇ ق رەئىسىنى زىيارەت قىلىپ، «خىتاي زۇلۇمىنى توختىتىشنىڭ بىردىن-بىر يولى خىتايىنى جازالاش» ناملىق زىيارەت خاتىرىسى ئېلان قىلدى.

15-مارت گېرمانىيەدە نەشىردىن چىقىدىغان «دېر ستاندارد» گېزىتى د ئۇ ق رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىنى زىيارەت قىلىپ، «خىتاي زۇلۇمىنى توختىتىشنىڭ بىردىن-بىر يولى خىتايىنى جازالاش» ناملىق زىيارەت خاتىرىسىنى ئېلان قىلدى. مەزكۇر زىيارەت خاتىرىسىدە د ئۇ ق نىڭ نۆۋەتتىكى پائالىيەتلىرى، د ئۇ ق نىڭ مىيونخېندا قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋەبلىرى، خىتاينىڭ نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا بۇنداق زۇلۇم قىلىدىغانلىقى، جازا لاگېرلىرى مەسىلىسى، د ئۇ ق رەئىسىنىڭ شەخسىي كەچمىشلىرى ھەم ئۇنىڭ چەتئەلدە خىتاي تەھدىتىگە يولۇقۇش ئەھۋاللىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىلىك مەزمۇنلاردا سوئاللار سورالغان ئىدى.

د ئۇ ق رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى بەرگەن جاۋابلىرىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ 1949-يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن بۇيان خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەنلىكىنى، 2014-يىلى شى جىنپىڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا قارىتا باستۇرۇشنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقىنى، 2016-يىلىدىن تارتىپ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا جازا لاگېرلىرىنى بەرپا قىلىپ، 3 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ھەمدە باشقا مۇسۇلمان خەلقلەرنى سولاپ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغانلىقى ھەم ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى مىساللىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ۋە دۇنيانىڭ بۇنىڭغا نىسبەتەن يېتەرلىك دەرىجىدە ئىنكاس قايتۇرمايۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن.


مەزكۇر سۆھبەتتە «تۈركىيە ئۇيغۇر ئاكتىپلىرىنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ياۋروپا بولسا بېيجىڭ بىلەن سىلەر باشقا دۆلەتلەردىن ۋە ياۋروپادىن نىمىنى كۈتىسىلەر؟» دېگەن سوئالغا دولقۇن ئەيسا ئەپەندى مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «1933-يىلدىن 1945-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا نۇرغۇنلىغان ئىنسانلار ناتسىست گېرمانىيەسىدىكى جازا لاگېرلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئاما بۈگۈن ئەھۋال باشقىچە. (خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرى مەسىلىسى ھەممىگە مەلۇملۇق بىر مەسىلىگە ئايلاندى). خىتاي ئۆز كۈچىدىن پايدىلىنىپ غەرب دېموكراتىيەسىنى ئۆز تىزگىنى ئاستىغا ئېلىشقا ئۇرۇنماقتا. بۇنىڭ يېتەرلىك پاكىتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. بۇنى كىم، قانداق ئاقلىيالايدۇ؟ ئىنسانلار بېيجىڭ بىلەن بولغان بارلىق ئىقتىسادىي ھەمكارلىقلىرىنى بىكار قىلىشى لازىم. خىتاي زۇلۇمىنى توختىتىشنىڭ بىردىن بىر يولى-خىتايىنى جازالاش!»

مەزكۇر زىيارەت خاتىرىسىدە دولقۇن ئەيسا ئەپەندىنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتى، ۋەتەننى تەرك ئېتىش جەريانلىرى، گېرمانىيەدىكى ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ جازا لاگېرلىرىغا قامىلىش ئەھۋاللىرىغىمۇ سەھىپە ئاجرىتىلغان ئىدى. بۇ ھەقتە زىيارەتىمىزنى قوبۇل قىلغان دولقۇن ئەيسا ئەپەندى غەرب ھۆكۈمەتلىرى ۋە مەتبۇئاتىنىڭ، جۈملىدىن گېرمانىيە ئاخبارات ساھەسىنىڭ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە بولغان دىققەت-ئېتىبارىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ياۋروپا پارلامېنتى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكا، كانادا ۋە گوللاندىيەگە ئوخشاش «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» قارارى توغرىسىدا جىددىي ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتتى.

گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇر زىيالىيسى پەرھات مۇھەممىدى ئەپەندى بۇ ھەقتە قاراشلىرىنى بايان قىلغاندا، نۆۋەتتە گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتۇۋاتقان مۇئامىلىسىدە ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كېلىۋاتقانلىقىنى، مەزكۇر زىيارەت خاتىرىسىنىڭ گېرمانىيەدىكى پارتىيە، گورۇھلارغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى.

ئەكرەم

## ئامېرىكا خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى دەپسەندىچىلىكگە قارشى «كوللېكتىپ ھەرىكەت» قوزغايدىغانلىقىنى بىلدۈردى



ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 5-فېۋرال باياناتى ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكگە قارشى «كوللېكتىپ ھەرىكەت» قوزغايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭ خوڭكوڭنىڭ سايلام سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى ئەيىبلىدى.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى نېد پرايس جۈمە كۈندىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا ۋاشىنگتوننىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ۋە شېرىكلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارغا قاراتقان زىيانكەشلىكلىرى ۋە خوڭكوڭدا ئېلىپ بارغان باستۇرۇشنى ئورتاق رەۋىشتە ئەيىبلەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

نېد پرايس مۇنداق دېدى: «مېنىڭچە ھېچكىم خەلقئارانىڭ شىنجاڭدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا قايتۇرغان ئىنكاسىدىن رازى ئەمەس. مانا بۇ دەل بىزنىڭ شىنجاڭ ۋە باشقا جايلاردىكى كىشىلىك بۇزغۇنچىلىقىغا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن تەرەپلەردە دۇنياۋى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، كوللېكتىپ ھەرىكەت قوزغايدىغانلىقىمىزدىكى سەۋەب».

بايدېن ھۆكۈمىتى سابىق تىرامپ ھۆكۈمىتىنىڭ «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىق قارارى» نى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدى.

خىتاي دائىرىلىرى جۈمە كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلىۋاتقان خىتاي خەلق قۇرۇلتىيىدا خوڭكوڭنىڭ شەھەر رەھبىرىنى تاللايدىغان سايلام كومىتېتىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ خوڭكوڭغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتكەن.

نېد پرايس بۇ ھەقتە توختىلىپ، خىتاينىڭ «خوڭكوڭدىكى دېموكراتىك ئورگانلارغا قاراتقان ئۈزلۈكسىز ھۇجۇملىرىنى» ئەيىبلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە «ئەگەر بۇ تەدبىرلەر يولغا قويۇلسا، خوڭكوڭنىڭ دېموكراتىك تۈزۈلمىسىگە زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ» دېدى.

مەمەتجان جۈمە

## د ئۇ ق بىلەن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قارشى بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزدى




د ئۇ ق بىلەن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 2022 - يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قارشى بىرلەشمە نامايىش ئېلىپ باردى.

17 - مارت د ئۇ ق بىلەن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ مىيونخېن شۆبىسى خىتاينىڭ مىيونخېن شەھرىدىكى كونسۇلخانىسى ئالدىدا 2022 - يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قارشى بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزدى ۋە بايقۇت قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. نامايىش مەيدانىدا خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ۋە جازا لاگېرلىرىدا تۇتقۇندا ياشاۋاتقان يۈزلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن لوزۇنكىلار، ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقلار لەپىلدىدى.

نامايىش مەيدانىدىن زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغان د ئۇ ق نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پەرھات مۇھەممىدى ئەپەندىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، د ئۇ ق نىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېقىندىن بۇيان 2022 - يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىش چۇقانلىرى يالغۇز گېرمانىيەدىلا ئەمەس، ياۋروپانىڭ باشقا ئەللىرىدىمۇ بارغانسىرى كۈچىيىپ بارماقتا ئىكەن.

گېرمان زىيالىيسى، د ئۇ ق نىڭ پروگراما خادىمى ئېۋا شتوكېر خانىم بۇ قېتىمقى نامايىش ھەققىدە زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغاندا، نۆۋەتتە بېيجىڭ ئولىمپىكىنى بايقۇت قىلىش مەسىلىسىگە نىسبەتەن خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ سەلبىي پوزىتسىيەسىگە بولغان نارازىلىقلارنىڭ پۈتۈن گېرمانىيەدە كۈنسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈپ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سېپىگە قوشۇلغانلىقىنىڭ بىر ياخشى ئىلگىرىلەش بولغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۈگۈن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلەن بىرلىكتە 2022 - يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىش سەپەرۋەرلىكى قوزغىدى ۋە خىتاينىڭ مىيونخېندىكى كونسۇلخانىسى ئالدىدا نامايىش ئېلىپ باردى. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ جازا لاگېرلىرىغا قامالغانلىقى، تۈرمىلەرگە بەنت قىلىنغانلىقى، ئۇزۇن مۇددەتلىق قاماق جازالىرىغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقى، تۈرلۈك قىيىن - قىستاقلارغا ئۇچراۋاتقانلىقى، ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇۋاتقانلىقى ۋە بۇ جازالارنىڭ ئۇيغۇر رايونىدا ھېلىھەم داۋام قىلىۋاتقانلىقى بارغانسېرى كۆپ ياۋروپالىقلارنىڭ قوزغىلىپ، ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىشتەك بىر ۋەزىيەتنىڭ يارىلىشىغا تۈرتكە بولماقتا. دۇنيادا كۈچلۈك سىياسىي تەسىرى بولغان خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ خىتايغا قارشى بۇ كۆرەشتە د ئۇ ق بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشى مەنچە ياخشى بىر ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ».

د ئۇ ق نىڭ رەئىس ۋەكىلى، «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىس تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن ئەپەندى بۇ قېتىمقى نامايىش ھەققىدە توختالغاندا، نامايىشقا بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار ۋە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىدىن سىرت، بەزى تىبەتلىكلەر ھەمدە خىتاي دېموكراتلىرىمۇ قاتنىشىپ خىتايدەك ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلىۋاتقان، ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىپ بېرىۋاتقان بىر دۆلەتنىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتى يوقلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىۋاتقان نامايىش 2 سائەت داۋاملاشتى.

ئەكرەم

## گېرمانىيە دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە كانىلى ARD: «ئۇيغۇر خەلقى جىددىي قۇتقۇزۇشقا چاقىرماقتا»

22 - مارت ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا 27 دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرىنىڭ بېلگىيە پايتەختى برىيۇسسېلغا جەم بولۇپ ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا بىلەن ئوخشاش بىر كۈندە خىتايىنى جازالاش قارارى ئېلان قىلىشى غەرب مەتبۇئاتلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ مۇھىم تېمىسىغا ئايلانغان ئىدى. گېرمانىيەنىڭ دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە قانىلى بولغان ARD مۇ شۇ كۈنى بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇللام ئىمىرووۋنى زىيارەت قىلىپ «ئۇيغۇر خەلقى جىددىي قۇتقۇزۇشقا چاقىرماقتا» ناملىق بىر زىيارەت خاتىرىسىنى ئېلان قىلدى.

بۈگۈن بۇ ھەقتە بىزنىڭ زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغان ئابدۇللام ئىمىرووۋ ئەپەندى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا 27 دۆلەت بىلەن ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا قاتارلىق جەمئىي 30 دۆلەتنىڭ خىتايىنى جازالاپ ئېلان قىلغان قارارىدىن بارلىق ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭمۇ كۆپ خۇرسەن بولغانلىقىنى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن بۇنىڭدىنمۇ كۆپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ خىتايىنى جازالىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى.



ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا خىتاي بىلەن ئەمەس، بەلكى قىممەت قاراشلىرى ئوخشاش بولغان غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇدىغانلىقىنى 22 - مارتتىكى قارارى ئارقىلىق ئىپادە قىلغانلىقىنى تەكىتلىگەن د ئۇ ق نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پەرھات مۇھەممىدى ئەپەندى، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئالدىمىزدىكى مەزگىللەردە يەنە خىتايغا قارشى بەزى كونكرېت جازا تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشىغا ئۈمىد بىلەن قارايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

22 - مارتتىكى 30 دۆلەتنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىق قارارى ۋە خىتاينىڭ قايتۇرما ھۇجۇمى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئىككى كۈندىن بۇيان، بولۇپمۇ گېرمانىيەدىكى ئاساسلىق مەتبۇئاتلار، تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا تەكرار-تەكرار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەلمەكتە.

ئەكرەم

www.uyghurkitap.com

# Әлишир Наваий һәққидә әсләтмә

**(Давами. Беши өткән санда)**

Узақ өтмәй Һүсәйин Байқараму вапат болди. Шайбанихан бу пурсәттә Хорасәнни елипла қалмай, Иран тәвәсигә кирип сафавилар билән тиркәшти.

### 3. Чағатайлар вә Төмүрийләрниң йимирилиниши, Сәидийләр вә Бабурийларниң баш көтүрүши

Бухара вилайити әслидә Төмүрийләр (1370 – 1501) сулалисиниң мәркизий районы болуп, Төмүрийләр ажизлишип кәткәндә Туғлуқ Төмүрхан әвлади ,Юнусханниң оғли Маһмудхан Шайбанийханни әвәтип Сәмәрқәнд билән Бухарани 1499 – жили қолиға алған. Әмма Шайбанихан Мавраунnәһирни қолиға елипла, Маһмудхандин йүз өрүп Шайбанилар ханлиғини (1499 – 1599) қурувалған. Кейинчә, у күчийип, Маһмудхан вә иниси Турпан хани Султан Әһмәдханларни мәғлуп қилип, Ташкәнт вә Әнҗанниму тартивалған. Юнусханниң нәвриси Бабур Авғанистанға, җийәни Сәидхан Нарин тағлириға қечишқа мәҗбур болған. Әлишир Наваий 1500 – жили Һәҗгә бармақчи болғанда, авам Шайбаниханниң һуҗум қилиш еһтималини көздә тутуп, уни пәйлидин яндурған. Наваий 1501 – жили февралда вапат болғандин кейин, Шайбанихан ачкөзлүк билән Аму дәриясидин өтүп, Хорәсандики Төмүр әвлади Һүсәйин Байқара әвладлирини мәғлуп қилип, ғәлибәси илгириләп Иранға киргән. Әмма у 1510 – жили, 2 – декабрь күни Мәрвидә Сафавийлар (1501 – 1736) хани шах Исмаил тәрипидин өлтүрүлгән.

Нәтиҗидә, Бабур шах билән Сәидхан униң ярдимидә Шайбанийханниң қалдуқлирини қоғлап чиқирип, Сәмәрқәнд, Бухара, Ташкәнт вә Әнҗанни қолға алған. Бабур шах Сәмәрқәнд билән Бухарани, Сәидхан Әнҗан билән Ташкәнтни сақлиған. Әмма 1513 – жилдики бир қетимлиқ урушта Шайбанилар ғәлибә қилип, Туғлуқ Төмүр вә Ақсақ Төмүр әвладлирини қайта қоғлап чиқарған. Бу чағда шах Исмаил Османийлар билән уруш қилиш үчүн жирақта әскәр топлаватати. Шуңа Сафавийлар бу қетим униңға ярдәм берәлмигән. Нәтиҗидә Бабур шах қайта Кабулға чекингән. Сәидхан Қәшқәргә чекинип, 1466 – жили Тарим вадисини мәрһум Туғлуқ Төмүрхан әвладлиридин тартивалған Әмир Мирза Абабәкрини мәғлуп қилип, 1514–жили 24–авғуст күни Сәидийә ханлиғини қуруп чиққан. Дәл шу күни явуз Селимхан шах Исмаилни чалдиран урушида мәғлуп қилған.

Арқидин явуз Селим мәмлүкләргә һуҗум қилип, 1517 – жили февралда Мисирни егиләп, хәлипиликни Османийларға тәвә қилған. Бабур шахму Авғанистан вә Пакистанни егиләп, 1515 – жилдин 1525 – жилғичә Һиндистанға жүрүш қилип, Деһли султани Ибраһим Лодиниң 200 миң әскирини 40 миң әскәр биләнла тармар қилип, 1526 – жили 12 – май күни Моғул империясини (1526 – 1858) қуруп чиққан.

### 4. Әлишир Наваийниң әсәрлири һәққидә

Чағатай түркий тилиниң бәрпачиси сүпитидә тонулған мир Әлишир Наваий (1501-1441) һәр хил жанрда 30 дин артуқ чағатай түркий тилидики әсәрлирини қалдуруп кәткән. Униң ичидә тил вә әдәбиятқа аит мәзмундики әсәрлиридин бир нәччиси бар. Биз бу йәрдә «Муһакәмәтул лоғәтәйн», «Мизанул әвзан», «Мәҗалисун нәфаис» вә «Нәсайимул муһәббә» қатарлиқларни мисал қилип кәлтүрәләймиз.



Әлишир Наваийниң Һераттики мавзолейи

#### «Муһакәмәтул лоғәтәйн» (Икки тил һәққидә муһакимә) (1499-жил)

Шаир өмриниң ахирида язған бу әсиридә икки тил, йәни парс тили билән түрк тилини селиштуруш арқилиқ түрк тилиниң һәр хил алаһидилигини йорутуп, түрк тили билән бәдиий әсәр яритиш имканийитини алға сүргән. Бунинда Наваий түрк тил-әдәбиятиниң келип чиқишини төвәндики дәк баян қилған:

Һакимийәт әрәб вә сарт султанлиридин түрк ханлириға өткәндин кейин Һулагухан, султан Саһибқиран Төмүр Кораган дәврлиридин Төмүр Кораганниң оғли вә избасари Шаһрух Султан дәвриниң ахириғичә Сәккаки, Һәйдәр Харәзми, Атайи, Муқими, Йәқини, Әмири, Гадайи қатарлиқ түркий тилида язидиған шаирлар мәйданға кәлди. Бирақ, Мәвланә Лутфини һесабқа алмиғанда, жуқирида ейтилған парсий шаирлар билән тәңлишәләйдиған шаирлар чиқмиди. Лутфиниң әдибләр қешида оқушқа әрзийдиған бир қанчә башланма бейитлири бар.

Бу йәрдә тилға елинған Сәккаки вә башқа түрк тили шаирлири Наваийдин бурунқи «Аввалқи классик дәвр» чағатай түрк тили шаирлири болуп, уларниң әсәрлириму бүгүнки күнимизгичә йетип кәлгән. Һалбуки, ушбу баяндин қариғанда, Наваий мәлум мәнидә уларниң әсәрлирини билсиму, уларға бәргән баһаси анчә жуқири әмәстәк қилиду. Йәнә бир җәһәттин ейтқанда, Наваийниң бу сөзлири кишини, у чағатай түрк тилидин бурунқи түрк тил-әдәбиятини билип кәтмәмду яки билсиму жуқиридикидәк наһайити төвән баһа беришкә тоғра келип қаламду? Дегәндәк ойға селип қойиду.

#### «Мизанул әвзан» (1492)

Түркий хәлиқләр исламлашқандин кейин парс мәдәнийитиниң тәсиридә әҗәм шеирийитидики шәкилләр түркий шеирийәттә кәң қоллинилған. «Мизанул әвзан» му аруз һәққидики вәзин рисалисидур. Наваий мәзкур рисалиниң баш қисмида бу әсәрни йезиштики мәқсәтни чүшәндүрүш билән биргә, әҗәм шеирийити билән түрк шеирийитини селиштуруп туруп, түрк шеирийитиниң шу чағдики әһвалини төвәндикидәк баян қилиду:

*«Чүн түрки Әлфази билә ким нәзм вақии болуптур, аңа забитаи вә қануни йоқ икән дурур. Ол фән раваҗи үчүн киши аруз фәннидә китаби я рисаләи битмәйдур».* [Мизанул әвзан, 61]

Наваий охшаш тәшәббус билән башқа җайлардики вәзин билән шеир язмайдиған шаирларға қарита төвәндикидәк язиду.

Мулайим табилиғлар һәр бәһр у вәзидә қапийә маттфақа нәзм әйтур әрмишләр вә аруз қаидә у забистасидин бевақиф әрмишләр. [Мизанул әвзан. 20] (түркий тилда шеир пүтидиғанлар) шеир таланти барлар қандақла вәзиндә болса мувапиқ шеирлирида нәзм пүтәркән, аруз қаидә вә қанунийәтлиридин бевақиф ерурлар.

#### «Мәҗалисун нәфаис» (1491)

Бу әсәр чағатай түркий тилида пүтүлгән әң дәсләпки шаирларниң тәзкириси болғачқа, әйни вақиттики әдәбиятниң әһвалини чүшиништә наһайити муһимдур. Бирақ автор дибачидә қисқичә баян қилғинидәк, бу әсәр замандаш шаирлар билән чағдаш әдибәләрниң исмини йезип қалдуруш зөрүрийитидин қәләмгә елинған болғачқа, муқәррәр һалда қәдимки дәвирләрдики вә яки қәдимки әдәбиятқа мунасивәтлик мәлуматлар кәмчилдур.

Шундақтиму, Наваий тәсиригә учриған аввалқи классик дәвир чағатай түркий шаирлири тоғрисида қиммәтлик мәлуматлар бар. Мәсилән, Мәвланә Атайи һәққидә төвәндикидәк қәйд қилинған:

Өз заманида шеири атрак арасида көп шөһрәт тутти. Қафийәсидә әйбғинаси бар, әмма Мәвланә көптүрканә әйтур әрди, қафийә еһтиятиға муқәййад әмәс әрди.

Шуниси рошәнки, бу йәрдики «түрканә» дегән сөз әҗәм шеирийити дегәнгә қарши оттуриға чиққан уқумдур. Мундақчә ейтқанда, вәзин вә қапийәгә мунасивәтлик парс арузиниң қаидилиригә тоғра әгәшмигини «түрканә» еди. Наваий Атайиниң шеирлиригә дәл шундақ баһа бәргән. Буни «Мизанул әвзан» дики баян билән бирләштүрүп қарайдиған болсақ, Наваийниң түрк шеирийитигә болған мәйданиниң әҗәм шеирийитиниң өлчимигә мувапиқ келидиған кәлмәйдиғанлиғини муһим тәнқид асаси қилғанлиғини тонуп йетимиз. Башта көрүп өткән «Муһакәмәтул лоғәтәйн» диму түркий шаирларға хели төвән баһалар болуп, уларниң көпинчилири әҗәм шеирийитиниң өлчимигә тоғра риайә қилған әсәрләрни иҗад қилмиғанлиғи сәвәбидин болған болуши мумкин.

#### «Нәсайимул муһәббә» (1495-1496)

Мәзкур әсәрдә Қараханийлар сулалиси дәвридә түрк тилида йезилған дидактик дастан «Әтәбәтул Һәқайиқниң» автори әдиб Әхмәд Йүкнәки тоғрисида төвәндикидәк муһим баянларни учратқили болиду.

*Вә аниң тили түрк әлфази билә мава из у насә иһқа гоя әрмиш, бәлки ақ сәр түрк улусида һекмәтунуқтилари шаи дур вә нәзм тәриқи билә айтур әрмиш.*

1444-жили «Әтәбәтул һәқайиқ» ниң қәдимки уйғур йезиғидики нусхиси ишләнгән болуп, Төмүрийләр сулалиси зиялийлириниң мәзкур әсәр билән әдиб Әхмәд Йүкнәкини тонуш мумкинчилиги бар. Бирақ, жуқиридики баянда конкрет әсәрниң исми тилға елинмиған, баянму қисқа, васитилик характеридә еди. Униң үстигә мәзкур баян арқилиқ «Әтәбәтул һәқайиқ» ни рәтләнгән әсәр сүпитидә Наваийниң беваситә билидиғанлиғиға ойлап йәткили болмайду. Йәнә бир тәрәптин 15- әсирдики кишиләр арисида, йәни орда вә хәлиқ арисида Әхмәд Йүкнәкиниң һекмәтлириниң кәң тарқалғанлиғи һәққидики мәлуматлар диққитимизни тартиду.

**Сайрам Оғлани**

**(давами кейинки санда)**

# ئەلشىر نەۋائى ھەققىدە ئەسلەتمە

(داۋامى. بېشى ئۆتكەن ساندا)

ئۇزاق ئۆتمەي ھۈسەيىن بايقارامۇ ۋاپات بولدى. شايبانىخان بۇ پۇرسەتتە خۇراساننى يۇتۇۋېلىپلا قالماي، ئىران تەۋەسىگە كىرىپ سافاۋىلار بىلەن تىركەشتى.

### 3 . چاغاتايلار ۋە تۆمۈرىيلەرنىڭ يىمىرلىپ، سەئىدىيەلەر ۋە بابۇرىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى

بۇخارا ۋىلايىتى ئەسلىدە تۆمۈرىلەر (1370 - 1501) سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي رايونى بولۇپ ، تۆمۈرىلەر ئاجىزلىشىپ كەتكەندە تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەۋلادى يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى مەھمۇدخان شايبانىخاننى ئەۋەتىپ سەمەرقەند بىلەن بۇخارانى 1499 - يىلى قولىغا ئالغان.

ئەمما شايبانىخان ماۋرائۈننەھرنى قولىغا ئېلىپلا، مەھمۇدخاندىن يۈز ئۆرۈپ شايبانىلار خانلىقى (1499-1599) نى قۇرۇۋالغان. كېيىنچە ئۇ كۈچىيىپ، مەھمۇدخان ۋە ئىنىسى تۇرپان خانى سۇلتان ئەھمەدخانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، تاشكەنت ۋە ئەنجاننىمۇ تارتىۋالغان. يۇنۇسخاننىڭ نەۋرىسى بابۇر ئافغانىستانغا، جىيەنى سەئىدخان نارىن تاغلىرىغا قېچىشقا مەجبۇربولغان. ئەلشىر نەۋائى 1500 - يىلى ھەجگە بارماقچى بولغاندا، ئاۋام شايبانىخاننىڭ ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى پەيلىدىن ياندۇرغان. نەۋائى 1501 - يىلى فېۋرالدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شايبانىخان ئاچكۆزلۈك بىلەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خۇراساندىكى تۆمۈر ئەۋلادى ھۈسەيىن بايقارا ئەۋلادلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، غەلىبەسىرى ئىلگىرىلەپ ئىرانغا كىرگەن. ئەمما ئۇ 1510-يىلى 2 - دېكابىر مەرۋىدە سافاۋىلار (1501 - 1736) خانى شاھ ئىسمائىل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

نەتىجىدە بابۇر شاھ بىلەن سەئىدخان ئۇنىڭ ياردىمىدە شايبانىخاننىڭ قالدۇقلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، سەمەرقەند، بۇخارا، تاشكەنت ۋە ئەنجاننى قولىغا ئالغان. بابۇر شاھ سەمەرقەند بىلەن بۇخارانى، سەئىدخان ئەنجان بىلەن تاشكەنتنى ساقلىغان. ئەمما 1513-يىلدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا شايبانىلار غەلىبە قىلىپ، تۇغلۇق تۆمۈر ۋە ئاقساق تۆمۈر ئەۋلادلىرىنى قايتا قوغلاپ چىقارغان. بۇ چاغدا شاھ ئىسمائىل ئوسمانىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئىراقتا ئەسكەر توپلاۋاتاتتى. شۇڭا سافاۋىلار بۇ قېتىم ئۇ ياردەم بېرەلمىگەن. نەتىجىدە بابۇر شاھ قايتا كابۇلغا چېكىنگەن. سەئىدخان قەشقەرگە چېكىنىپ، 1466-يىلى تارىم ۋادىسىنى مەرھۇم تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەۋلادلىرىدىن تارتىۋالغان ئەمىر مىرزا ئابابەكرىنى مەغلۇپ قىلىپ، 1514-يىلى 24 - ئاۋغۇست سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان. دەل شۇ كۈنى ياۋۇز سېلىمخان شاھ ئىسمائىلنى چالدىران ئۇرۇشىدا مەغلۇپ قىلغان.

ئارقىدىن ياۋۇز سېلىم مەملۇكلارغا ھۇجۇم قىلىپ، 1517-يىلى فېۋرالدا مىسىرنى ئىگىلەپ، خەلىپىلىكنى ئوسمانىلارغا تەۋە قىلغان. بابۇر شاھمۇ ئافغانىستان ۋە پاكىستاننى ئىگىلەپ، 1515- يىلدىن 1525- يىلغىچە ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ، دېھلى سۇلتانى ئىبراھىم لودىنىڭ 200 مىڭ ئەسكىرىنى 40 مىڭ ئەسكەر بىلەنلا تارمار قىلىپ، 1526- يىلى 12- ماي موغۇل ئىمپېرىيىسى (1526 -1858) نى قۇرۇپ چىققان.

### 4. ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە

چاغاتاي تۈركىي تىلىنىڭ بەرپاچىسى سۈپىتىدە تونۇلغان مىر ئەلشىر نەۋايى (1441-1501) ھەر خىل ژانىردا 30 دىن ئارتۇق چاغاتاي تۈركىي تىلىدىكى ئەسەرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە تىل ۋە ئەدەبىياتقا ئائىت مەزمۇندىكى ئەسەرلىرىدىن بىرنەچچىسى بار. مەن بۇ يەردە «مۇھاكەمەتۇل لوغەتەين»، «مىزانۇل ئەۋزان»، «مەجالىسۇن نەفائىس» ۋە «نەسايىمۇلمۇھەببە» قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كەلتۈرەلەيمىز.

ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ھالبۇكى ئۇشبۇ بايانىدىن قارىغاندا، نەۋايى مەلۇم مەنىدە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بىلىسىمۇ، ئۇلارغا بەرگەن باھاسى ئانچە يۇقىرى ئەمەستەك قىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، نەۋايىنىڭ بۇ سۆزلىرى كىشىنى، ئۇ چاغاتاي تۈرك تىلىدىن بۇرۇنقى تۈرك تىل-ئەدەبىياتىنى بىلىپ كەتمەمدۇ ياكى بىلسىمۇ يۇقىرىدىكىدەك ناھايىتى تۆۋەن باھا بېرىشكە توغرا كېلىپقالامدۇ؟ دېگەندەك ئويغا سېلىپ قويىدۇ.

#### «مىزانۇل ئەۋزان» (1492)

تۈركىي خەلقلەر ئىسلاملاشقاندىن كېيىن پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ئەجەم شېئىرىيىتىدىكى شەكىللەر تۈركىي شېئىرىيەتتە كەڭ قوللىنىلغان. «مىزانۇل ئەۋزان» مۇ ئارۇز ھەققىدىكى ۋەزىن رىسالىسىدۇر.



ئەلشىر ناۋايىنىڭ تەشكەنتتىكى ھەيكىلى

#### «مۇھاكەمەتۇل لوغەتەين» (ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە) (1499 - يىل)

شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان بۇ ئەسىرىدە ئىككى تىل، يەنى پارس تىلى بىلەن تۈرك تىلىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تۈرك تىلىنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكىنى يورۇتۇپ، تۈرك تىلى بىلەن بەدىئىي ئەسەر يارىتىش ئىمكانىيىتىنى ئالغا سۈرگەن. بۇنىڭدا نەۋايى تۈرك تىل-ئەدەبىياتىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان:

ھاكىمىيەت ئەرەب ۋە سارت سۇلتانلىرىدىن تۈرك خانلىرىغا ئۆتكەندىن كېيىن ھۇلاگۇخان، سۇلتان ساھىبقىران تۆمۈر كوراگان دەۋرلىرىدىن تۆمۈر كوراگاننىڭ ئوغلى ۋە ئىز باسارى شاھرۇخ سۇلتان دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە سەككاكى، ھەيدەر خارەزمى، ئاتايى، مۇقىمى، يەقىنى، ئەمىرى، گادايى قاتارلىق تۈركىي تىلىدا يازىدىغان شائىرلار مەيدانغا كەلدى. بىراق مەۋلانە لۇتفىنى ھېسابقا ئالمىغاندا يۇقىرىدا ئېيتىلغان پارسىيگوي شائىرلار بىلەن تەڭلىشەلەيدىغان شائىرلار چىقمىدى. لۇتفىنىڭ ئەدىبلەر قېشىدا ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان بىر قانچە باشلانما بېيىتلىرى بار.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان سەككاكى ۋە باشقا تۈرك تىلى شائىرلىرى نەۋائىدىن بۇرۇنقى «ئاۋۋالقى كىلاسسىك دەۋر» چاغاتاي تۈرك تىلى شائىرلىرى بولۇپ، نەۋايى مەزكۇر رىسالىنىڭ باش قىسمىدا بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسەتنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە، ئەجەم شېئىرىيىتى بىلەن تۈرك شېئىرىيىتىنى سېلىشتۇرۇپ تۇرۇپ، تۈرك شېئىرىيىتىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ:

«چۈن تۈركى ئەلفازى بىلە كىم نەزم ۋاقىئى بولۇپتۇر، ئاڭا زابىتائى ۋە قانۇنى يوق ئىكەن دۇرۇر. ئول فەن راۋاجى ئۈچۈن كىشى ئارۇز فەننىدە كىتابى يا رىسالەئى بىتمەيدۇر». [مىزانۇل ئەۋزان، 61]

نەۋايى ئوخشاش تەشەببۇس بىلەن باشقا جايلاردىكى ۋەزىن بىلەن شېئىر يازمايدىغان شائىرلارغا قارىتا تۆۋەندىكىدەك يازىدۇ.

مۇلايىم تابىلىغلار ھەر بەھر ئۇ ۋەزندە قاپىيە ماتتىفاقا نەزم ئەيتۇر ئەرمىشلەر ۋە ئارۇز قائىدە ئۇ زابىستاسىدىن بىۋاقىف ئەرمىشلەر. [مىزانۇل ئەھزان. 20]

(تۈركىي تىلدا شېئىر پۈتىدىغانلار) شېئىر تالانتى بارلار قانداقلا ۋەزىندە بولسا مۇۋاپىق شېئىرلىرىدا نەزم پۈتەركەن، ئارۇز قائىدە ۋە قانۇنىيەتلىرىدىن بىۋاقىف ئىبرۇرلار.

#### «مەجالىسۇن نەفائىس» (1491)

بۇ ئەسەر چاغاتاي تۈركىي تىلىدا پۈتۈلگەن ئەڭ دەسلەپكى شائىرلارنىڭ تەزكىرىسى بولغاچقا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدەبىياتنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە ناھايىتى مۇھىمدۇر. بىراق ئاپتور دىباچىدە قىسقىچە بايان قىلغىنىدەك، بۇ ئەسەر زاماندىش شائىرلار بىلەن

چاغداش ئەدىبلەرنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قالدۇرۇش زۆرۈرىيىتىدىن قەلەمگە ئېلىنغان بولغاچقا، مۇقەررەر ھالدا قەدىمكى دەۋرلەردىكى ۋە ياكى قەدىمكى ئەدەبىياتقا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار كەمچىلدۇر. شۇنداقتىمۇ نەۋايى تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاۋۋالقى كىلاسسىك دەۋر چاغاتاي تۈركىي شائىرلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇماتلار بار. مەسىلەن، مەۋلانە ئاتايى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك قەيد قىلىنغان:

ئۇز زامانىدا شېئىرى ئاتراك ئاراسىدا كۆپ شۆھرەت تۇتتى. قافىيەسىدە ئەيبىغىناسى بار، ئەمما مەۋلانە كۆپتۈركانە ئەيتۇر ئەردى، قافىيە ئېھتىياتىغا مۇقەييەد ئەمەس ئەردى.

شۇنىسى روشەنكى، بۇ يەردىكى «تۈركانە» دېگەن سۆز ئەجەم شېئىرىيىتى دېگەنگە قارشى ئۇتتۇرىغا چىققان ئۇقۇمدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ۋەزىن ۋە قاپىيەگە مۇناسىۋەتلىك پارس ئارۇزىنىڭ قائىدىلىرىگە توغرا ئەگەشمىگىنى «تۈركانە» ئىدى. نەۋايى ئاتايىنىڭ شېئىرلىرىگە دەل شۇنداق باھا بەرگەن. بۇنى «مىزانۇل ئەۋزان» دىكى بايانىبىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، نەۋايىنىڭ تۈرك شېئىرىيىتىگە بولغان مەيدانىنىڭ ئەجەم شېئىرىيىتىنىڭ ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى مۇھىم تەنقىد ئاساسى قىلغانلىقىنى تونۇپ يېتىمىز. باشتاكۆرۈپ ئۆتكەن «مۇھاكەمەتۇل لوغەتەين» دىمۇ تۈركگوي شائىرلارغا خېلى تۆۋەن باھالار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى ئەجەم شېئىرىيىتىنىڭ ئۆلچىمىگە توغرا رىئايە قىلغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن.

#### «نەسايىمۇلمۇھەببە» (1495 - 1496)

مەزكۇر ئەسەردە قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە تۈرك تىلىدا يېزىلغان دېداكتىك داستان ئەتەبەتۇل ھەقايىقنىڭ ئاپتورى ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك مۇھىم بايانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. «ۋە ئانىڭ تىلى تۈرك ئەلفازى بىلە ماۋا ئىمز ئۇ ناسە ئىمقا گويا ئەرمىش، بەلكى ئاق سەر تۈرك ئۇلۇسىدا ھېكمەتۇنۇقتىلارى شائى دۇر ۋە نەزم تەرىقى بىلە ئايتۇر ئەرمىش.

#### 1444 - يىلى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»

نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى ئىشلەنگەن بولۇپ، تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى زىيالىلىرىنىڭ مەزكۇر ئەسەر بىلەن ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنى تونۇش مۇمكىنچىلىكى بار. بىراق يۇقىرىدىكى باياندا كونكرېت ئەسەرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان، بايانمۇ قىسقا، ۋاستىلىك خاراكتېرىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزكۇر بايان ئارقىلىق «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نى رەتلەنگەن ئەسەر سۈپىتىدە نەۋايىنىڭ بىۋاستە بىلىدىغانلىقىغا ئويلاپ يەتكىلى بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن 15 -ئەسىردىكى كىشىلەر ئارىسىدا، يەنى ئوردا ۋە خەلق ئارىسىدا ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ھېكمەتلىرىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار دىققىتىمىزنى تارتىدۇ.

**سايرام ئوغلانى**

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# ОРТА АСИЯ ВӘ ҚАЗАҚСТАНДИКИ УЙҒУРЛАРНИҢ УМУМИЙ САНИ ҚАНЧӘ БОЛУШИ КЕРӘК?

Орта Асия вә Қазақстандики уйғурларниң умумий сани тоғрисида гәп қилиштин әввал, кейинки мошу бир - икки йүз жил ичидә уйғурларниң ижтимаий - сәясий һаятида йүз бәргән вакиәләргә мунасивәтлик тарихий мәнбәләргә бир қәдәр көз жүгәртип өтүшкә тоғра келиду. Сәвәви, уйғурлар бүгүнки Орта Асия вә Қазақстан тәвәсидә истиқамәт қиливатқан башқа қериндаш хәлиқләр билән бир қоюн болуп, бу тәвәләрдә әзәлдин яшап кәлгән хәлиқ. Бу тарихий һәқиқәт. Пәқәт кейинки бир - икки йүз жил ичидә йүз бәргән ижтимаий - сәясий һадисиләр сәвәплик, уйғур хәлқиниң бир қисми чегариниң у тәрипидә болуп қалған уйғур дияри (СУАР ) арилиғида, у яқтин бу яққа йөткүлүп турған. Бу инсанийәт тарихида адәттә болуп туридиған ишлар.

Әнди мәсилини амалниң баричә бир қәдәр айдиңлаштуруш үчүн, алди билән Қазақстан вә Орта Асия дөләтлириниң аһалини ройхәткә елиш бойичә кейинки 10 - 20 жил ичидики дөләт статистикилириға нәзәр ағдуруп көрәйли. Мәлум болғинидәк, уйғур дияридин кейин қалсила, уйғурлар әң көп яшайдиған жай бу Қазақстан. Қазақстанниң 2020 - жилниң киришигә қарита көрсәткән дөләт статистикисида уйғурларниң сани 274.509 адәм, умумий хәлиқ саниниң 1.47% тәшкил қилиду вә умумий аһали һесави бойичә 4 - орунда туриду. Қирғизстанда 2020 - жилниң дөләт статистикиси бойичә уйғурларниң сани 59367 адәм. Өзбәкистанниң 1989 - жилқи дөләт статистикиси бойичә уйғурларниң сани 35762, 2000 - жилниң статистикии бойичә 19526 гә чүшүп қалған, 2013 - жилдин башлап тамамән көрситилмигән. Түркмәнистанда 2010 - жилдики статистика бойичә 2000, һазир 3000 әтрапида. Тажикстанниң 2010 - ж. дөләт статистикиси бойичә уйғурларниң сани 276 адәм. Лекин 2013.03.20. Тажикстан уйғур ассоциациясиниң рәиси Абдукерим Турдахуновниң, мәзкүр ассоцияниң 20 жиллиғи мунасивити билән WWW. gazeta.tj, мухбири Гүлчәһрә Усманова билән өткүзгән сөһбитидә «Тажикстанда һазир уйғурларниң сани 5000 миң, шуниң ичидә 3000 Дүшәнбә шәһиридә яшайду « дейилгән.

Әнди бир қәдәм артқа чекинип, тарих сәһипилиригә нәзәр ағдуруп көрәйли. 2005- ж. 30 - сентябрь Алмута шәһиридә өткүзүлгән хәлиқара конференцияниң материаллиридин түзүлгән «Уйгуроведение в Казахстане: традиция и новация» (Қазақстандики уйғуршунаслиқ : әнъәнә вә йеңилиқ) намлиқ топламдин орун алған тарих пәнлириниң доктори, профессор А.К.Камалов өзиниң « XIX - әсирниң ахирида Қәшқәр әмирати ғулиғандин кейин Қәшқәр аһаллисиниң Пәрғанә вадисиға көчүши» мавзулуқ мақалисида, әшу дәвирдә уйғурлар бешиға чүшкән мурәккәп һадисиләрни мупәссәл йорутуш билән биргә, Пәрғанә вадисидики уйғурларниң сани мәсилиси бойичә мундақ мәлумат бериду:

«И.В. Захарованиң дәлиллишичә 1860 - жилғичә Қоқәнт ханлиғида 200 - 250 миңға йеқин қәшқәрлиқләр яшиған»(1) Абләт Камалов шундақла әшу пажиәлик шараитта Қәшқәр тәвәсидин чиққан уйғурларниң көпинчиси Пәрғанә вадисидики әсли йәрлик туққанлириниң өйигә жайлашқанлиғини һәм тәкитләп өтиду. Тарих пәнлириниң доктори Абылабек Асанқанов «Қирғизстан уйғурлири» мавзулуқ китавида: « XVlll - әсирниң ахири XlX - әсирниң биринчи йеримида... манжур - хитай һакимийитиниң зулум дәстидин қутулуш үчүн, миңлиған уйғурлар Йәттису вилайитигә вә Пәрғанә вадисиға көчүшкә мәжбур болған. Бәзи мәлуматлар бойичә шу вақитниң өзидә Қоқәнт ханлиғиниң йеригә 85 миңдин 165 миңғичә қәшқәрлиқләр көчүп чиққан... дәсләп уйғурлар Чуй вә Пәрғанә вадилирини, Иссиқ - Көл әтрапидики бәзи йәрләрни өзләштүргән...»(2) дегән мәлуматни бериду. Филология пәнлириниң доктори Мурат Һәмраевниң «Дәвир сәһипилири» намлиқ китавида « 45373 адәм 1881 - 1883 - жиллири рус әскәрлири билән Йәттисуға көчүп чиқти « (3)дәп язиду. Әшу дәвирдә Или тәвәсидин Йәттисуға көчкән уйғурларниң саниға тегишлик бу рәқәм Мәшур Рузиевниң «Возрожденный уйгурский народ» (Йәңливаштин туғулған уйғур хәлқи) (4)намлиқ китавида, Иминжан Баһавудунниң «Или Тарихи»(5) вә башқа мәнбәләрдиму көрситилип өтүлгән.

Әгәр биз жуқурики мәнбәләр асасидила, шу вақиттики әсли йәрлик уйғурларни һесапқа алмай пәқәт 100 - 200 жиллар илгири, бүгүнки Орта Асия вә Қазақстан тәвәсигә уйғур дияридин көчүп чиққан уйғурларниң умумий санинила һесапқа алсақму 300 миңдин ешип кетиду. Әнди мошула тәвәләрдә истиқамәт қиливатқан уйғурларниң умумий санини мошу тәвәдики бүгүнки дөләтләр статистикилири бойичә алсақ йәнила шу 300 миң әтрапида чөгүләп жүриду. Әмәлийәттә бу сан нәччә һәссә көпийиши керәк едиғу?!..

Йәнә, толиму әһмийәтлик болған, төвәндики йәнә бир мәлуматқа көңүл бөлүп көрәйли. 1997 - жили рус тилида чиқидиған вә Қирғизстанда әң көп оқулидиған нопузлуқ гезитләрниң бири болған «Дело №...» гезитиниң 19 - март санида 72 яшлиқ (пенсияга чиққан) КГБ ниң подполковниги Тоқон Усубақуновниң мәзкүр гезитниң мухбири.

Э. Сатыбеков билән өткәзгән интервьюси «Плаш вә хәнжәр рыцари» мавзусида елан қилинди. Бу мәлумат «Виждан авази» гезитиниң 1997 - жили 30 - июнь санидиму йорутилди. Мәзкүр интервьюда Тоқон Усубақунов мундақ мәлумат бериду: « ... Атмишинчи жилларниң бешида мени Хитайдин кечип кәлгән муһажирларни қобул қилиш бойичә түзүлгән мәхсус комиссияниң тәркивигә қошти... биз малийә министрлиги линияси бойичә муһажирларға ихтисадий ярдәм көрситиш вә уларни орунлаштуруш мәсилилири билән шуғулландуқ... мән муһажирлар ичидә 1944 - 1946 - жиллири Хитайда жәңгә биргә қатнашқан көплигән жәңгивар сәпдашлирим билән йүз көрүшүшкә муйәссәр болдум... *1956 - жилдин 1962 - жилғичә Орта Асия вә Қазақстанға бир миллиондин артуқ адәм көчүп чиқти! Сәккиз жил ичидә Қирғизстанға 170 миң уйғур, 40 миң қирғиз, 5-6 миң әтрапида туңган в.б. көчүп кәлди» (6)* дәйду. Һәқиқәтән, әшу жәриянда умумий хәлиқ аммиси билән нурғун санда зиялийлар, «Шәрқий Түркистан жумһурийити «миллий армиясиниң офицерлири билән жәңчилири пүтүнләй дегидәк көчүп келип, асасән Қазақстан билән Қирғизстанға жайлашти. Көрүп туруптимиз, гәп 1 миллиондин артуқ адәм үстидә боливатиду. Уларниң ичидә Қирғизстанға чиққан 40 миң қирғиз болса, мәйли 60 миңи қазақ болсун қалған бәри уйғурларғу. Бу адәмләр нәгә ғайип боп кәтти?! 1954 - 1955 - жиллири чиққан уйғурларчу техи.

Малик Кабировниң 1975 - жили чиққан «Очерки истории уйгуров Советского Казахстана» (Совет Қазақстани уйғурлириниң тарих очерклири) намлиқ китавида « Совет Иттипақиниң умумий аһалини ройхәткә елиш һесави бойичә 1970-жил уйғурларниң сани 173276 адәм «1982- жили йоруқ көргән вә жуқурида тәкитләнгән Мәшур Рузиевниң «Возрожденный уйгурский народ» намлиқ китавида: «Қазақстан вә Орта Асиядә бар йоқи 210 миңдин артуғирақ уйғурлар яшайду» дейилгән. Чүшүнүшлиги бу рәқәмләр жуқурида қәйт қилинғандәк, 1970 - 1980 - жиллири Совет Иттипақида аһалини ройхәткә елиш һесави бойичә берилгән сан бойичә елинған. Әнди байиқи 1956 - 1962 - жиллири, алди кәйни болуп 8 жил ичидә чиққан бир миллиондин артуқ уйғурлар нәгә кәтти?! Немишкә бу сан Совет Иттипақиниң аһалини ройхәткә елиш һесаватидики уйғурларниң умумий сани жәдвилигә кирмәй қалди?!

Көрүп туруптимизки, Орта Асия вә Қазақстанда истиқамәт қиливатқан уйғурларниң умумий сан мәсилисини, тарихий һөжжәт мәнбәләрдә көрситиливатқан санлар билән бүгүнки бу тәвәләрдики дөләтләрниң аһалини ройхәткә елиш бойичә статистика мәһкимилириниң көрситиватқан санлириға селиштуруп анализ қилсақ, пәқәтла маслашмайду вә бу бир сирлиқ, йепиқ темиға айлинип қалған мәсилә кәби тамамән чүшүнүксиз бир һаләт келип чиқиду.

Хуласилап ейтқанда, Орта Асия вә Қазақстандики уйғурларниң умумий сан мәсилиси өзиниң йәкүнини күтүп турған, тарихчилиримизниң күн тәртивидики очуқ мәсилидур.



Уйғурларниң Йәттисуға көчүши

***ИЛАВӘ:***

*Қоқәнт ханлиғи Русия империяси тәрипидин йимирилгәндин кейин 1876 - жили Пәрғанә вадиси Русия империясиниң қолиға өтүп кәткән. 1917 - жили Русия падишалиғи ағдурулуп мәйданға Советләр һакимийити чиққандин кейин 1920 - жиллири Орта Асияни миллий республикиларға бөлүш жәриянида Пәрғанә вадиси үчкә бөлүнгән болуп, Өзбәкистанниң бүгүнки Пәрғанә, Наманган, Әнжан вилайәтлири Өзбәкистанға; Қирғизстанниң һазирқи Жалал - Абад, Ош, Баткен вилайәтлири Қирғизстанға; Соғда вилайити Тажикстанға тәвә болған.*

Пайдиланған мәнбәләр:

1. Уйгуроведение в Казахстане: традиция и новация. Алма-Ата. 2006,98 бәт.
2. Абылабек Асанканов. Қирғизстан уйғурлири.Бишкек.2014,15 бәт.
3. Мурат Һәмраев. Дәвир сәһипилири. Алмута, «Қазақстан». 1972, 5 бәт.
4. Мәшүр Рузиев. Возрожденный уйгурский народ. Алма-Ата, «Казахстан». 1982. 4 бәт.
5. Иминжан Баһавудун. Или тарихи.Бишкек. 2016, 86 бәт.
6. «Дело №...» 1997.03.19.
7. « Виждан авази». 1997.06.30.

**МУЗӘППӘРХАН ҚУРБАН,**
**шаир, журналист.**

# Счастье матери

Счастье семьи измеряется не только материальным достатком и богатством - оно измеряется ещё наличием в семье духовного богатства, гармоничных и уважительных отношений между родителями и детьми.

В связи с Международным женским днем 8 марта я хочу кратко рассказать о дружной семье Даутовых, главой которой является Халича апа Ахметова, которая родилась в 1939 году в г.Кульджа СУАР КНР. В 1961 году она переехала в Киргизию, в г. Фрунзе.



В 1966-1998 гг. трудилась в трикотажной фабрике «Илбирс» г.Фрунзе на разных должностях. Неоднократно была награждена почетными грамотами и благодарственными письмами фабрики. До выхода на пенсию она принимала активное участие в деятельности Общества уйгуров «Иттипак», была заместителем председателя Комитета женщин, награждена почетными грамотами и благодарственными письмами Общества уйгуров, награждена золотой медалью «Мать-героиня» фонда уйгурских женщин «Аманнисахан». У Халичи апа двое детей, четыре внука и пятеро правнуков. Дочь Мухаббат, 1964 года рождения, окончила с отличием Финансово-экономический факультет Института дистанционного обучения БГУ им. К.Карасаева в 2005 году, работает экономистом в торговом комплексе «Мега-Комфорт» г. Бишкек.



Халича апа с племянницей Махирой

Сын Ялкунжан-заместитель ректора БГУ по финансово-хозяйственной части, кандидат экономических наук, выпускник этого же ВУЗа.

Подытоживая это, можем сказать, что Халича апа одна делала все, (муж рано ушел из жизни), чтобы хорошо воспитать своих детей, и чтобы они все получили высшее образование. Сноха Динара тоже с высшим образованием, она также окончила с отличием Факультет экономики и финансов БГУ, работает по специальности. Халича апа заботливая мать, бабушка и прабабушка, глава дружной и интеллигентной семьи. Я считаю, что в этом и кроется семейное счастье - счастье матери.

На днях, 8 марта 2021 года, в связи с Международным женским днём Халича апа была награждена медалью «ДАТКА АЙЫМ» Ассоциации женщин правоохранительных органов и Форума женщин депутатов Кыргызской Республики. Мы от всего сердца поздравляем Халичу апа с награждением этой медалью и желаем ей крепкого здоровья, долгих лет жизни и семейного благополучия.

**Абдурахим Хапизов**

# Мы все в одной лодке

Сегодня мир сталкивается с большими гуманитарными проблемами. Это пандемия, культурный геноцид целых народов, экологические кризисы. Они заставляют прогрессивных и думающих людей планеты объединяться для целенаправленного противодействия. Уйгурское сообщество г. Каракола выступило с инициативой проведения одного из таких мероприятий.

Речь идет о моделировании при распространении идей и направлений работы Международного комитета Красного Креста (МККК) и Национального общества Красного Полумесяца Кыргызской Республики (НОКП КР) в современной молодежной среде. Другими словами, на мероприятии говорилось о гуманитарных организациях, осуществляющих сегодня свою благородную деятельность в масштабах всего мира. Моделирование среди молодежи - это одно из направлений деятельности на перспективу применительно к рассматриваемым глобальным организациям как проводникам международного гуманитарного права.

Под моделированием понимается имитирование в форме ролевой игры тех или иных фрагментов деятельности МККК и НОКП КР в аспекте взаимодействия. Этот аспект выбран постольку, поскольку само моделирование осуществляется в одном из общеобразовательных учреждений образования в г. Каракол Иссык-Кульской области Кыргызстана.

Модель «МККК – НОКП КР» - это модель, которая была проведена на базе средней общеобразовательной школы № 5 г. Каракол Иссык-Кульской области в феврале 2021 года. Ее называют каракольской моделью «МККК – НОКП КР». Это первая модель подобного рода. Как сказала директор Иссык-Кульского представительства НОКП КР Кадыралиева Жыпаркуль Бактасовна, аналогичные модели по выработанному образцу будут проводиться во всех учебных заведениях региона, включая вузы.

Со стороны содержания модели актуальной темой для моделирования была выбрана тема пандемии. Организаторами каракольской модели выступили студент 5 курса МИДО МУК Эльдар Абдуллаев (автор идеи), Этнокультурный центр «Ренессанс» сообщества уйгуров г. Каракол (инициатор проекта), представительство НОКП КР в Иссык-Кульской области, завуч-организатор и учащиеся средней школы № 5 г. Каракол.

На тематическом подготовительном заседании организаторов мероприятия были намечены направления и конфигурация модели. На этой основе был разработан и одобрен сценарий модели. Со стороны формы каракольская модель «МККК – НОКП КР» включает следующие ролевые позиции:

1. Представитель офиса МККК в Бишкеке.
2. НОКП КР:



2.1. Президент
2.2. Генеральный директор
2.3. Представительство в Иссык- Кульской области
3. Полномочный представитель ПКР в Иссык-Кульской области
4. Представитель мэрии г. Каракол
5. Представитель МЧС
6. Представители национально-культурных сообществ (диаспор).

Относительно последней ролевой позиции необходимо сделать пояснение. Дело в том, что основная деятельность как МККК, так и НОКП КР прежде всего ориентирована на экстраординарные события и сфокусирована на задачах гуманизации конфликтных ситуаций, точнее говоря вооруженных и не вооруженных конфликтных ситуаций. В условиях таких многонациональных государств, как Кыргызская Республика, чаще всего такими ситуациями выступают конфликты, имеющие межнациональный характер. Понятно, что в таких конфликтных ситуациях проблемы пандемии многократно усложняются. Чтобы предотвращать подобные негативные тенденции как в моделях, так и в реальной действительности в обязательном порядке следует привлекать авторитетных представителей этнических групп, проживающих на данной территории.

Мероприятие прошло с большим успехом. На нем присутствовали руководители городского и областного отделов образования, много волонтеров, представители национально-культурных объединений и центров. Будет не лишним отметить большую заслугу в проведении подготовительной работы мероприятия завуча-организатора СШ. № 5 г. Каракол Гюзаль Абдуллаевой, членов школьного парламента Улукбека Аринходжаева, Айяны Маху, Нурсултана Джумагулова, Атая Мукамбетова, Миланы Шамсутдиновой, Лолы Ашырбаевой, Малики Турдиевой и других учащихся. Безопасное будущее во многом зависит от нас, и в значительной мере это касается именно подрастающего поколения. В этом главная значимость мероприятия.

**Мухаммад Нуриев,**
*г. Каракол*

www.uyghurkitap.com

# Человек широкой души и доброты

2020-год вошел в новейшую историю человечества как самый трагический год – как год пандемии коронавируса. В Кыргызстане, с распространением пандемии короновируса многие благотворительные фонды и организации, отдельные предприниматели и граждане (волонтеры), кому не было безразличны горе и страдания людей, заболевшие этой коварной болезнью, наряду с государственными органами и учреждениями откликнулись на борьбу с этой болезнью и оказывали всемерную медицинскую, материальную и финансовую помощь. Среди наших граждан, активно оказавшие гуманитарную и благотворительную помощь людям, заболевшими короновирусом были и немало представителей уйгурской общественности нашей республики. Среди них мы можем с уважением назвать Илахунова Долкунжана Ярмухамедовича, 1988 года рождения, жителя г. Бишкек, основателя организации «Гильдия Добра», в которую входят 12 благотворительных фондов. «Гильдия Добра» помогает не только городу Бишкек, но и другим регионами нашей республики.

Предлагаем вниманию наших читателей благодарственные письма в адрес Долкунжана Илахунова от волонтеров и врачей объединяющая 12 благотворительных фондов организации «Гильдия Добра».

* * * * *

«Для кого-то Долкунжан Ярмухамедович, для кого-то дядя Доля, для кого-то просто Доля, большой, сильный, отзывчивый. За ним как за каменной стеной. Человек с большим сердцем и широкой душой. Открыт для добрых дел, и нетерпим к наживе на людском горе. Готов стоять горой за свой город, за свой народ, за свои идеи. Для нас он некий дед мороз несущий радость. Его теплый прием, как-то сам собою растворяет проблемы. В «Гильдию Добра» возглавляемый Долкунжан ом Ярмухамедовичем, волонтеры, как мышки в норку несут добытые ими ценности, которые бережно хранятся именно у дяди Доли. Он как царь Кощей чахнущий над златом, бережет все, что нажито непосильным трудом и ведёт тщательный учёт. Все знают, что очень скоро все эти богатства найдут своих владельцев. Если хочется добра-идите к дяде Доле. Если правда вам важна-идите к дяде Доле. Если мир достал сполна-идите к дяде Доле. Прекрасный друг, замечательный человек, отзывчивый защитник и прекрасный организатор.

У Доли, не простая доля, он людям доброту несёт. И может собственная доля порой трудна и тяжела, он не предаст на поле боя, добро посеет всем в сердца. Его рука, рука надежды, его улыбка свет души, пусть им всегда гордятся предки, достойный Человек их сын. Его девиз «Дари добро», и он его несёт достойно. Возглавив «Гильдию Добра», собрал вокруг себя достойных. Всех тех, в сердцах которых жар, жар справедливости и чести, не потушить огонь добра, ведь там нет места лжи, бесчестью!»

**Виктория Якутина** (волонтёр).

«Скажи мне, кто твой друг, и я скажу, кто ты. А еще о человеке очень ярко говорят его дела и окружающие люди.

Дядя Доля энерджайзер добра и позитива. Сколько бы социальных акций проводились с ним, ни в одном не облажались. Всегда говорит правду и критикует в позитивном ключе, что даже подумаешь что он сделал комплимент.

Он благородный сын родителей, прекрасный отец, позитивный друг и простой человек с большой фигурой и с добрым сердцем.»



Долкунжан Илахунов



**Бек Беков** (волонтёр).

«Меня зовут Дильшад Мамаджанов, врач инфекционист, пульмонолог, хотел бы сказать про человека с огромным сердцем и телом, про человека, что сделал многое, но оставался всегда в тени, про человека, что само Имя его говорит за себя и он достоин своего Имени ( Имени Долкунжан ) этот человек само творение добра ,чистоты ,юмора ,и мужества ,он сделал многое для населения Кыргызстана и отмечу сделал то же самое что и врачи как мы , помог стольким людям ,что перечислять придется много... Я просто скажу одной фразой ... «Доброта Долкунжана — это то, что может услышать глухой и увидеть слепой…» спасибо что есть такие люди у нас ...»

**Дильшад Маманджанов** (врач)

Илахунов Долкунжан Ярмухамедович, 1988 года рождения, гражданин Кыргызской республики.

А если по-настоящему, то Долкунжан, рожденный в счастливой семье уйгурского народа, гражданин Мира. Можно провести статистику, скольким людям он помог, но главное, как!

Каждый из нас был в сложной жизненной ситуации, а кто-то в череде сложностей. Так вот именно он помогает слабым людям, но мудрость его дел в том, что потом этих людей он делает сильнее. Например, реабилитационный центр «Светлый путь». Имея финансы меценатов (по окончанию разработанного им проекта) Долкунжан не купил им еду и не передал деньги. Он закупил материалы для изготовления продукции выпускаемой центром «Светлым путь», оплатил свет, и подарил сотовые телефоны детям, которые хорошо учатся. Таким примером он и помог, и сделал их сильнее. Его принцип «Не воспитывать иждивенцев».

Его принцип «Помощь нуждающимся» (тем, кто в самом деле нуждается).

Его принцип «Чистота и прозрачность фондов»(полная отчётность).

Долкунжан, может объединить силы и возможности разных людей перед бедой человека, перед горем нашего народа.

Таким образом он является основателем организации «Гильдия Добра», в которую входят 12 благотворительных фондов.

«Гильдия Добра» помогает не только городу, но и регионам нашей страны.

Долкунжан поддерживает слабых (пожилые люди, детские дома, дети с инвалидностью, многодетные семьи, матери одиночки).

Долкунжан поддерживает сильных (врачи, волонтёры, дружинники).

*От имени волонтеров г. Бишкек хочу поблагодарить нацию УЙГУРОВ за воспитание таких сыновей.*

***Вика Карпенко** (социальный активист)*

**P. S.** Не так давно был подведен итог благотворительной деятельности «Гильдии Добра» за 2020 год:

медикаменты, СИЗ (средства индивидуальной защиты) для медицинского персонала - 2 000 000 сом.

Бесплатные медикаменты для населения COVID - 500 000 сом

Предоставление кислородных концентраторов на временное пользование для больных (пневмония COVID)

Вода для красных зон (питьевая/Минеральная) - 200 000 сом.

Открытие республиканского штаба, для объединения волонтёрских сил.

Продуктовая помощь многодетным семьям - более 500 семей.

Продуктовая помощь семьям, в которых дети с инвалидностью - 400 семей

Организация акции «Защитим героев» при поддержки компании HENKEL (СИЗ, лекарства от COVID в три региона, реабилитация врачей в санатории ИК) на сумму 500 000 сом.

Развоз питание на блок посты во время ЧС (военным и сотрудникам милиции) 300 порций в день на протяжении ЧП

Организация и транспортировка питания для медицинского персонала в течении месяца 100 порций в день.

И многое другое.



نۇر ئەلا كۆكتۈرك

## تۈركىستان ۋەيران ئەمدى

قەدىم تۈرك ۋەتىنى ،ئىسلامىيەتنىڭ يۇرتى،
جەننەت ئىدى، بولدى دوزاق تۈركىستان باغرى،
قاراڭغۇغا ئۆزگەردى ۋەتىنىمنىڭ كۈندۈزى،
خىتايلار زىندان قىلدى، تۈركىستان زىندان ئەمدى.

كۆمدىلەر زالىم خىتاي بىر مىللەتنى قانلارغا،
چىدىمايدۇ ھېچبىر جان بۇنداق يامان ئازابقا .
كۆمدىلەر قىزىل خىتاي تارىخىمنى تۇپراققا،
خىتايلار ۋەيران قىلدى، تۈركىستان ۋەيران ئەمدى.

ئاق قاناتلىق كەپتەرنىڭ قانىتىدا قان تامچىلار ،
ھايات قانداق بىلمەستىن ھەر بەدەن بىر جان ساقلار.
يازنىڭ تومۇز ئىسسىغىدا تىنىم تىترەپ، مۇزلار،
خىتايلار ۋەيران قىلدى ، تۈركىستان ۋەيران ئەمدى.

بەخت نېمە بىلمەيدۇ، سەھنىدىكى ئۇسسۇلچى ،
سازەندىلەر چالماقتا يىغا-زارە - ماتەمگە.
خەلقىمنىڭ باغرى قان، مېنىڭ يۈرۈكىم ئاقار،
مىللىتىمگە تۈركىستان بەھەيۋەت زىندان ئەمدى.

## تۈركىستاننى سېغىندىم

ھەسرىتىمنى يازدىم تاققا - تاشلارغا،
ھەسرىتىمنى يازدىم دېڭىز- ئوكيانغا
ھەسرىتىمنى يازدىم قۇشقا ۋە يازغا
جەننەت يۇرتۇم تۈركىستاننى سېغىندىم.

يېشىل ياپراق، بەرگىلەردىن، قۇشلاردىن ،
كۆلدە تۇرغان كۆكۈش رەڭلىك سۇلاردىن.
ھەيۋەت بىلەن تۇرغان كۆكتىن -تاغلاردىن،
سورىدىم مەن، تۈركىستاننى سېغىندىم.

بادام كۆزلۈك دىلبەرلەرنىڭ كۆزىدە،
ئاشىقلارنىڭ چالغان مۇڭلۇق كۈيىدە.
يالقۇنلىغان ئاتەشلەرنىڭ چوغىدا ،
جەننەت يۇرتۇم تۈركىستاننى سېغىندىم.

يايلاقلاردا تايچاقلارنى كۆرگەندە،
ياز بولغاندا شېرىن مېۋە يېگەندە.
بىرى ماڭا «ئاھ ۋەتىنىم» دېگەندە،
كۆيىدى باغرىم تۈركىستاننى سېغىندىم.

ئاي - يۇلتۇزنىڭ پارقىرىغان رەڭگىدە،
سەھەر ۋاقتى كۆك ئاسماننى كۆرگەندە.
بىرى سازنىڭ دىلتارىغا ئۇرغاندا ،
جەننەت يۇرتۇم تۈركىستاننى سېغىندىم.

تاڭ ئاتمايدۇ سەندىكى ئۇزاق كېچىلەر ،
سىنى يازدى دەپتىرىمگە ھەرپلەر.
ھەسرەت بىلەن ئۆتتى نەچچە ئۆمۈرلەر،
جەننەت يۇرتۇم تۈركىستاننى سېغىندىم.

ئالدىمدى مېنى دۇنيا گۈزىلى،
ۋەتەن دەيدۇ قەلبىم ئەزەل - ئەزەلى،
60 يىلدۇر شۇ جاھاننى كەزگىلى،
ۋەتەن دېدىم تۈركىستاننى سېغىندىم .

ئاخىرلاشتى ئۆمرۈم شۇنداق دەردلەردە ،
كۆرەلمىدىم ۋەتەن سىنى ھەسرەتتە،
دېسە ئەمدى ساڭا جەننەت بېرەيلى ،
يانا دەيمەن تۈركىستاننى سېغىندىم.



ئامىنە ۋاھىت سەدەپ

## يوق

بىزنىڭ يۈرىكىمىز يوق
يۈرەكنىڭ ئورنىدا پەقەت
ھېس -تۇيغۇسىدىن ئايرىلغان
ئازاب سۆيىگە چىلانغان
بىر پارچە گۆش بار
ۋە قاراڭغۇ بىر بوشلۇق.

بىز ئايال ئىدۇق
ئايالغۇچى بولۇپ
يارالغانتۇق ئەسلىدە
نازۇك ، خىرۇستال شىشىدەك .
بىر يۈرىكىمىز بار ئىدى
ئۇ پۈتمەس -تۈگىمەس
مۇھەببەت بۇلىغى ئىدى.

يات تۇپراقلاردا
تەمتىرىگەن پۇتلىرىمىز
ۋۇجۇدىمىزنى تۇتۇپ تۇرالمىدى
يەرگە چۈشتۇق چېقىلدۇق
ۋەتەنسىزلىكتە.

پارام-پارچە بولغان يۈرەكلىرىمىزنى
مېھىر بۇلاقلىرىمىزنى قۇرۇتتى.
ئاخىردا ھەممىنى ئۇنۇتتۇق
كۈلۈشنى ، خۇشاللىقنى ، بەختنى
ھېيتنى ، بايرامنى،
قۇتلۇق كۈنلەرنى
خۇددى بۇ نەرسىلەر
ئەزەلدىن بىزدە
بولۇپ باقمىغاندەك.

## گۈزەل يۇرتۇم

بېھىش كەبى گۈزەل يۇرتۇم،
بۈگۈن زۇلمەتكە ئايلاندى.
ئەزىز خەلقىم كۆزىدە ياش،
قەپەزدە قۇشقا ئايلاندى.

گۈزەل _باغۇ چىمەنزارلار،
قۇرۇپ قاقشالغا ئايلاندى.
بېغىمدا سايرىغان بۇلبۇل،
چۆلدە قۇزغۇنغا ئايلاندى.

ئىدى رەستىلىرىڭ ئاۋات،
ھاياتلىق ھەر يەردە جۇش ئۇرغان.
قولى باغلاق ھۈنەرۋەننىڭ،
بازار مازارغا ئايلاندى.

قۇياش ھەر كۈن چىقار پارلاپ،
كۆچى يەتمەس ئىستىماققا.
سۆڭەكتىن ئۆتتى بۇ خورلۇق،
يۈرەك مۇز، تاشقا ئايلاندى.

تالاي گۈلدەك ئىپارخانلار،
نۇزۇك ،رىزۋان، ئايخانلار
زالىمنىڭ قولىدا كۈل،
قەدىرسىز قۇلغا ئايلاندى.

بۇرۇتلار مىخ بولۇپ كۆزگە،
ئېلىندى ئۇچرىغان يەردە.
كەبى شىردەك يىگىت ئەركەك،
قۇربانلىق قويغا ئايلاندى.

كېپىكتەك ئۇركۇپ باللار،
كېزەر ھەر ياندا سەرسانە.
ئۇۋىسى بۇزۇلغان قۇشتەك،
قارا يېتىمغا ئايلاندى.

ئوكۇل ، دورا يېدۈرگەچكە
بېھۇشلاندى ئەزىز تەنلەر.
تومۇردا ئاققان پاك قانلار،
بۈگۈن زەھەرگە ئايلاندى.

قەلبتە ئوت بولۇپ ياندى،
غەزەپ، ئىنتىقام، پىغان.
قىساس ئۇچۇن تۆكۈلگەن مۇش،
بولقا، بازغانغا ئايلاندى.

گۈزەل يۇرتۇم، ئەزىز خەلقىم،
، قىيالماسمەن ساڭا دائىم
يېزىلغان سەندە ھىكايەم،
ئۆزگە ئەلدە يېرىم قالدى.

پۈتۈلدى تارىخڭ قاندىن،
سىنى ئەزىز بىلدۇق جاندىن.
سېنى قىلماق ئۇچۈن جەننەت،
قەلبلەر ئاتەشكە ئايلاندى.



ئابىدە -ئاbbas نەسرىن

## مۇڭى كۆچمەس مېلودىيەم

سىرتقا چىقىشقا ھېچبىر ھاجىتىم ئىدى،
يوق سېنى ئەسلىۋېلىشتىن باشقا
سەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان
قىزىل رەڭدىكى
يامغۇرلۇقنى بولسىمۇ كىيەي دېدىم
ئەسلىدە شۇنداق قىزىل كۆينەك
كىيگۈم بار ئىدى

قايىنام يوللار شۇ قەدەر جىمجىت
تېنىق- تېنىق سېغىنچلار
ستولبىلارغا ئېسىلغان
تامچىلارخورى ئىنتىزارلىق رىتمى
تۇپراقلاردىن سېنىڭ ھىدىڭ پۇرەكلىگەن
سەنزارلىق باغرىمدا ھۆپپىدە ئېچىلغان
يامغۇرلارغا ئوخشاتسام سېنى
يۈرۈكۈم قانمايدۇ
شۇ قەدەر چوڭقۇرلىدىك تۇپرىقىمغا
مۇنبىتلىك بولدۇم.

سېنى سېغىنىمەن
يېزا ھىدلىرىدىن
بولۇق تاغلار تەبەسسۇمىدىن
سەبى قوزىلار ئەركىلەشلىرىدىن
بىرجۇپ قۇشلارنىڭ قاناتلىرىدىن

ھەممە - ھەممىلەردىن سېنى
سىزىپ چىقىمەن
ئاندىن ئۇنى كىيىمىمگە تىكىپ كىيىۋالىمەن
چېپىمغا قويۇپ ئىچىۋالىمەن
ئىپارىمغا قوشۇپ سۈرىۋالىمەن

ئەينەككە قاماپ سۆزلىۋالىمەن
ياستۇقۇم تېگىگە
يوشۇرىۋالىمەن.

يەنە سەن تۇيۇقسىز چىقىسەن
ئاچا يوللاردىن
دېڭىز قىرغاقلىرىدىن
باغچا ئورۇندۇقلىرىدىن
شەپەق نۇرىنىڭ ئەڭ قىزىل ئۇچلىرىدىن
ئوخشىتىپ ئەتمەكچى بولغان تاماقلىرىمدىن
پاكىزە رەتلەنگەندىن كېيىنكى ئۆيۈمگە
رۇخسىتىمسىز لىق تولىۋالىسەن
مەن تۇتقان نەرسىلىرىمگە ئارلىشىۋالىسەن.

كۆزلىرىڭنىڭ يوگىنىنى
ئەسلىرىڭنىڭ يىلتىزىنى
ئىلكىمگە ئېلىپ ئۈزۈملا باشقۇرسام
مەندىن باشقىنى ئويلىمىساڭ
سېغىنمىساڭ
ھوزۇرئالمىساڭ

كۈندەشلىكىم تۇتۇپ قېلىشىنى
ئېسىمگە ئالغۇمۇ يوق
ئويۇم تۈگىگىچە چىداپ بولالمايمەن.

مەن يوق يەرلەردە گۈللىرىمۇ ھىدلىما
مېنىڭلا بولغان تەبەسسۇمىگنى
تاشلارمۇ كۆرمىسۇن

سېنى سىيپاپ ئۆتكەن شامالاردىنمۇ
سېنى كۆرۈۋاتقان ئۇپۇقلاردىنمۇ كۈنلەيمەن.

نۇرغۇن نەرسىلەر پەقەت سۆيگۈمگە قارشى
مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشامدىكىن؟
ھەسرىتا!
ھەستىم ئۇچۇن.
ئېھ مەندە ئاتقان تاڭ
سۆيگۈمدە كۆتۈرۈلگەن قۇياش
مەن يېگىلگەن مۆجىزەم
مۇڭى كۆچمەس مېلودىيەم
سېنى سېغىنىۋاتىمەن
سەنتۇرۇلمەس بىر ۋىسالنى تىلەۋاتىمەن



مۇقەددەس نۇر

## ئەي كېچە

يۇلتۇزلار ياققان چىراغتا
باشلانغان مۇقەددەس كېچە ،
زۇلمەتلىرىڭ ياققان ئازاب شاملىرىنىڭ
هارارىتىدە مېنى ئەللەيلىمە.
ھەسرەت ۋە ئۈمىدنىڭ پاسلىدا
ياشايدىغان خەلقىمنىڭ ،
ساڭا ئوخشاش ئۇزۇن ۋە قاراڭغۇ
ھېكايىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ،
مەن ئويغانماقچى.

ئەي كېچە!
ئۆتكۈنچى ۋاقىتلارنىڭ قەدەملىرىدەك
شىپىرلاپ قۇلاق تۈۋىمدە،
ئۆلۈكلەرنىڭ شانلىق سىرى ۋە پارلىغان
تارىخ ھەققىدە پىچىرلىما.
مېنىڭ روھىم نادامەتتە، يۈرىكىم ئوقۇۋەتتە
ئۇن سىلىپ يىغلىماقتا،
مەن بىخۇتلۇقنىڭ پۈتۈن ھېكايىلىرىدىن
تەلتۆكۈس ئازاد بولماقچى ،
قىساس ئوتىدا ۋولقان بولۇپ يانماقچى.

## سومۇرغ

مېنىڭ ئاي يۇلتۇزغا سالغان
ئۆيۈم چىقىۋېتىلگەچكە
كېچىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى
قۇياشقا يېڭىدىن بىر ئۆي سالدىم.

ھويلامغا تاش چىراقتىن
بىرنى بېكىتىپ
ئوك قولۇمدا سومۇرغنى
سول قولۇمدا سۆزلەرنى
بېقىشقا باشلىدىم.

ئۆيۈمنىڭ دېرىزىسىدىن
نۇر ئىچىدىكى زۇلمەت
زۇلمەت ئىچىدە ھەقىقەتنىڭ
يېرىقلىرىنى ساناۋاتقان
بىر ئادەم كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

مەن ئوڭ قولۇمدىكى سومۇرغقا
دېڭىز يۈزىدە لەيلەپ قالغان
تولۇن ئاينى
تاغ كەينىگە پېتىۋاتقان كەچلىك
شەپەقنى كۆرسىتىپ
جىمجىتلىقنى دېدىم :
قورقمىغىن !
ئەتە قۇياش ئۆرلىسىلا
سەن يەنە قانات قاقىسەن.

# CNN мухбирлириниң Қәшқәрдики зиярити зор инкас қозғиди


Йеқинда хәлиқара кәчүрүм тәшкилати Хитай һөкүмитиниң зулуми сәвәвидин чәт әлләрдики ата-анилири билән жәм болалмай, тирик житимларға айландурулуватқан миңлиған уйғур балилириниң пажиәси һәққидә муһим доклад елан қилған еди. Улар докладида Хитай һөкүмитиниң кәң көләмдә елип бериватқан туткун қилиш һәрикити вә системилиқ зулуми сәвәвидин чәт әлләрдики уйғур ата-анилири жутлириға қайтип, балилирини бекиш имканийәтлиридин мәһрум қеливатқанлиғини, йәнә бир яқтин бу балиларниңму ата-анилири туруватқан дөләтләргә берип улар билән жәм болушиға йол қоюлмайватқанлиғини баян қилған. Мәзкур докладта чәт әлләрдә яшаватқан 6 аилиниң әһвали йорутулған болуп, һазир Австралиядә яшаватқан Мамутжан шуларниң бири. CNN телевидениясиниң мухбирлири Хәлиқара кәчүрүм тәшкилатиниң докладиға асасән Қәшқәргә берип, Мамутжанниң 5 жилдин яқи көрүшәлмигән қизини тепип көрүшкән.

Мухбирлар Шаңхәй шәһиридин айрупиланға олтуруп Қәшқәргә қарап маңған. Уларниң диққитини қозғиғини айрупилан Қәшқәргә йеқинлашқанда айрупилан хадимлири барлиқ йолувчилардин деризә пәрдисини толуқ чүшүрүветишни тәләп қилған. Әмма улар немә үчүн йолувчиларниң Қәшқәрни асмандин көрүшигә йол қоюлмайдиғанлиғиға чүшәнчә бәрмигән.

Әлвәттә, CNN мухбирлири айрупиландин чүшүп Қәшқәргә қәдәм қойғандин башлап, формилиқ вә формисиз нурғун сақчиларниң өзигә әгишивалғанлиғини байқиған. Уларниң бәзи сәзгүр районларни сүрәткә елиши чәкләнгән. Мухбирлар Қәшқәргә берип иккинчи күни, андин Мамутжанниң ата-анисиниң өйини тепип қизи Мухлисә билән көрүшәлигән.

Мухбирларниң баян қилишичә, Мухлисә өзиниң әһвали һәққидә жиқ нәрсә дәләлмәйдиғанлиғинини чүшәнгән мухбирлар «дадиңизға дәйдиған сөзиңиз барму?» дәп сориғанда, бу қиз жиғлап кәткән вә «мән дадамни сеғиндим. Һазир йенимда апамму йоқ, дадамму йоқ. Мән улар билән жәм болушни арзу қилимән» дегән.

Мамутжан 2015-жилидин бери икки балиси вә аяли билән көрүшәлмәйватқан болуп, шу жили Мамутжан Малайзиядә докторлуқта оқуватқанда аяли Муһәррәм бехәстәликтин паспортини жуттүрүп қойған. Малайзидики хитай әлчиханиси униң паспорт толуқлап бериш илтимасиға карита Хитайғила беришқа болидиған «ақ паспорт» (саяһәт һөжжити) тарқитип бәргән. Шуниң билән аяли нормал иш тәртиви бойичә Қәшқәргә қайтип йеңи паспорт алған. Әмма қайтиш үчүн азтола пул жәмләп болғучә уйғур дияридики сәясий бастуруш башлинип кәткән. Буниң билән Муһәррәмниң нежаплиниши, «хәтәрлик дөләт» кә барғанлиқи дегәндәк бир қатар аталмиш «пакт» лар сәвәвидин 2017-жили лагерға қамалған.




Дәһшәтлик репрессияләр арқилиқ бөлүнгән уйғур аилилири

CNN телевидениеси мухбирлириниң Қәшқәргә қилған бу муһим зиярити елан қилинғандин кейин, биз Мамутжанни зиярәт қилғинимизда у узундин буян йүзини көрмигән қизиниң йүзини көргәндә вә жиғлап туруп қилған сөзлирини көргинидә, тил билән тәсвирләп бәргүсиз дәрижидә азапланғанлиғини ейтти.

Мамутжанниң ейтишичә, бу видеода қизиниң қилған сөзидин у аялиниң һелиһәм лагерда екәнлигини толуқ жәзимләштүргән. Чүнки CNN мухбирлири Мухлисәдин «апиңиз қачандин бери лагерда?» дәп сориғанда қизи дәрһал бу соални уйғурчә қилип бова-момисиға дәйду вә арқидинла йәнә бир өйдә бирисиниң гудуңшиған авази аңлиниду. Мухбирлар бу кишиниң йәрлик һөкүмәт хадимлири екәнлигини вә бу соалға жаваб беришигә тосқунлуқ қилғанлиғини жәзмләштүриду, бу зиярәтни ахирлаштурушқа мәжбур болиду.

CNN мухбирлири Қәшқәр зиярitidә йәнә кәчүрүм тәшкилатиниң докладида гуваһлиқ бәргән аилиләрниң бири нәвәттә Италиядә яшаватқан вә кечә-күндүз журти Қәшқәрдә қалған 4 пәрзәнтиниң йолини күзләватқан Меһрибан Қадир вә Абликим Мәмтиминниң балилириниму издерикини қилған. Мухбирлар бу балилар солап қоюлған «Пәйзиват наһийәлик ижтимаий параванлиқ орни» дәп аталған балилар лагерини издәп тепип барған болсиму, даириләр мухбирларниң бу балилар билән көрүшүшигә йол қоймиған. Улар икки саатин артуқ сақлаш вә һөкүмәт хадимлири билән нурғун талаш-тартишлардин кейин, даириләр аран мухбирларниң балилар билән телефонда көрүшүшигә йол қойған. Улар 4 балиниң бири Йәһия билән синлиқ көрүшкән. Мухбирлар Йәһиядин «сән ата-анаң билән жәм болушни халамсән?» дәп сориғанда, Йәһия аран «шундақ» дәпла жаваб берәлигән. Мухбирларниң ейтишичә, Йәһияниң гәп қилғанда давамлиқ йенидики биригә қараватқанлиғи вә униң көрсәтмиси бойичә гәп қиливатқанлиғи еник көрүнүп турған. У кишиниң Йәһияға «сиңлим билән һәркүни көрүшүп туриватимән, дә» дегәнлиги аңлинип қалған. Худди Мухлисәгә охшашла Йәһияму мухбирларға көп нәрсә дейишкә жүрьәт қилалмиған, мухбирлар 8 минутлуқ сөһбәттин кейин телефонни қоюветкән. Кейин мухбирлар балиларниң даириләр тәрипидин сораққа тартилғанлиғидин хәвәр тапқан, шундақтиму бу балилар бирликтә «дада апа силәрни сеғиндуқ» дегән хәтни тутуп чүшкән рәсимини ата-анисиға әвәткән.

CNN телевидениясиниң уйғур балилири вә уларниң ата-анилири йүзлишиватқан бу инсан қелипидин чиққан зулум һәққидики хәвири тарқитилғандин кейин зор инкас қозғиди. Бу чарисиз ата-анилар вә балиларниң әһвали видеони көргән нурғун көрүрмәнләрни қаттиқ азаплиған еди. Һалбуки, Хитай тәрәп болса пакитни йәнә рәт қилиду. CNN телевидениясиниң даңлиқ мухбири Кристияна Аманпор Хитайниң Америкада турушлуқ баш әлчиси Сүй Тйәнкәйни зиярәт қилғанда, униңдин немә үчүн бу уйғур балилириниң ата-анилири билән жәм болушиға йол қоюлмайдиғанлиғини, буниңда қандақ бир сәясий сәвәб болуши мумкинлигини сорайду.

Хитай әлчиси Сүй Тйәнкәй соалниң өзигә жаваб беришниң орниға CNN телевидениясини һақарәтләйду. У: «булар һәммиси ойдуруп чиқилған» дәйду. Кристиана аманпор дәрһал «бу ойдуруп чиқилмиған, әлчи әпәнди» дәйду. Әмма Сүй Тйәнкәй йәнә жаһиллиқ билән бармиғини шилтип туруп: «CNN телевидениясиниң бир қанчә аиливи мәсилини көтүрүп чиқип хәвәр қилиши әхлақсизлиқ, бу деген һәқиқий әхбаратчилиқ әмәс, бу CNN үчүн бир бәхитсизлик,» дәйду.

Кристиана Аманпор болса жуқирида дейилгәнләрниң пәқәтла CNN әмәс, бәлки нурғунлиған хәлиқаралиқ органлар, мустәқил тәкшүргүчиләр вә башқа нурғун әхбарат органлириму дәваткан гәплигини әскәртиду вә Хитай һөкүмити «немә үчүн иркий қирғинчилиқ билән шуғуллиниду» дәп сорайду. Сүй Тйәнкәй болса һәрдаим болғинидәк буни рәт қилиду вә журналистларниң ялған гәп қиливатқанлиғини, уйғур елида әслидә терроруқ барлиғини, һазир террорлуқ қалмиғанлиғини, өзлириниң бу кишиләрни жиғип дөләт қануни ни үгитиватқанлиғини ейтиду. Буниң билән Кристиана Аманпор: «әлчи әпәндим, қариғанда мән бу йәрдә сиздин соалимға жавап алалмайдиған охшаймән. Шуңа әң яхшиси силәр мустәқил журналистларниң районға беришиға рухсәт қилиңлар, биз өз көзимиз билән көрүп, өзимиз баһа берәйли» дәп сөзини ахирлаштурди.

Мамутжан болса радиомиз арқилиқ Америка вә Австралия һөкүмәтлиригә хитаб қилип, демократик дөләтләрни бу мәсилидә қолидин кәлгәнчә уйғурларға ярдәм қилишқа чақирди.

Хитай һөкүмити һәр қетим уйғурлар һәққидики қийин соалларға дуч кәлгәндә «мухбирлар берип көрсун, бизниң ишимиз очуқ, бизниң йошуридиған нәрсимиз йоқ» десиму, бирақ CNN мухбирлириниң бу қетимлиқ зияритидиму охшаш қийинчилиқларға, тосалғуларға дучар болуши, Хитай һакимийитиниң районда инсанийәткә қарши жинайәт ишләватқанлиғи вә униң һәқиқәтән хәлиқарадин йошуридиған жинайити барлиғиниң йәнә бир испати болуп қалди.

**Радә**



После продолжительной болезни в возрасте 73 лет скончался житель с.Ново-Покровка Ысык-Атинского района Чуйской области

## Кадыров Мавлян Момунович.

Мавлян Кадыров - доктор медицинских наук, профессор кафедры ЛОР болезней, Он являлся автором 55 печатных работ, более 10-ти методических пособий, 2-х монографий, одного очерка, 7-ми рационализаторских предложений и одного авторского свидетельства.

За многолетний плодотворный и успешный труд в медицине, ему было присвоено звание «Отличник здравоохранения Кыргызской Республики» и «Врач высшей категории». Являлся членом ЦК профсоюзов медицинских работников КР.

Мавлян Момунович принимал активное участие в жизнедеятельности Общества уйгуров «Иттипак» КР. Награжден почетными грамотами и благодарственными письмами и медалью «Ehcan» за заслуги перед Обществом.

В связи с кончиной Мавляна Момуновича выражаем свои искренние соболезнования семье и родственникам покойного.

***Общество уйгуров КР «Иттипак»***



Қара-Балта шәһириниң турғуни, жамаитимизниң һөрмәтлик ақсақили, «Иттипақ» гезитиниң жанкөйәри

## САДИҚ КАМАЛ ИБРАҺИМ оғли БАРАТОВНИҢ

вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә урук-туққанлириға, қому-кериндашлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдуримиз.
Мәрһумниң ятқан жайи жәннәттә болсун!

**«Иттипақ» жәмийитиниң Қара-Балта шәһәрлик шөбиси**
**Қара-Балта шәһириниң жамаити**



**Бишкек шәһири Аламедин – 1 кичик районининң уйғур жамаити**, шу мәһәллиниң турғуни

## Мирзаһаким Нурһажи оғлиниң

вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүриду.

**«Тәңри Тағ садалири»**
уйғур радиоаңлитиши өз паалийитини башлиди.
Бу аңлитишни һәр сейшәнбә күни саат **17:20** тә
**«Кырғыз радиосиниң»**
FM 106.9 долқунида аңлишиңлар болиду.

Бишкәк – Чүй - FM 106.9
Талас – FM 107.6
Қара-Буура – FM 103.5
Қара-Кол – FM 103.8
Жалал-Абад – FM 105.9
Каныш-Кыя – FM 104.7
Сулукту – FM 102.5
Иссиқ-Көл – FM 106.0
Нарын – FM 105.0
Алай – FM 101.7
Чоң Алай – FM 102.5





В возрасте 73 лет скончался житель г. Жаркент Талдыкурганской области, «Отличник профтехобразования РК», ученый-агроном, первый аким г. Жаркент, «Почетный гражданин Панфиловского района», «Почетный гражданин Евразийского союза государств», кавалер многих орденов и медалей, замечательный педагог и наставник молодежи

## Айсаев Ризайдин Сеитович.

Он был многогранной личностью и был человеком с большой буквы, проработавший на руководящих должностях.
В связи с кончиной **Ризайдина Сейитовича** выражаем свои искренние соболезнования семье и родственникам покойного.

***Общество уйгуров КР «Иттипак»***

## Әлвида, вәтәнпәрвәр дост!



8-март күни Бишкәк шәһириниң турғуни **Әсәт Якуп оғли** аләмдин өтти.

Әсәт Якуп оғли 1941-жили, 31-декабрь күни Уйғуристанннның Ғулжа шәһиридә дунияға кәлгән. 1955-жили ата-аниси билән Қирғизстанниң Талас вилайитигә көчүп кәлгән. Кейин, 1959-жили Фрунзе (һазирқи Бишкәк) шәһиригә келип орунлашқан. Бишкәктики №17-училишида оқуған. 1964-1966-жиллири Совет Армиясидә хизмәт қилған, Совет Армиясидин кәлгәндин кейин «Чолпон» аяқ-кийим фабрикисида мастер, 1970-жиллардин башлап Қирғизстан төмүр йолиниң «Ак-Суу» ресторанида ишлиди. 2001-жили дәм елишқа чиққан. Төмүр йол мәһкимиси уни «Ветеран труда» медали вә нурғун қетим тәшәккүрнамә вә маддий мукапатлар билән тәқдирлигән.

Әсәт Якуп оғли Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийити Ақсақаллар соти комитетиниң һәйъәт әзаси қатарида, Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитигә кәлгән һәрхил әрзиләрни қарап чиқиш, бир тәрәп қилиш ишлириға қатнашқан. У Қирғизстанда чиқидиған «Иттипақ» гезитиниң жанкөйәри еди.

## ӘСӘТ ЯКУП оғлиниң

вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз. Мәрһумниң ятқан жайи жәннәттә болсун. Амин!


**Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» жәмийити**

---

*Бишкәк шәһиридики **Тиливалди һажим Имин башчилиғидики оттуз оғул мәшрәп әһли**, шу мәшрәпниң сабиқ жигитбеши,*
***Әсәт Якуп оғлиниң***
*вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүриду.*

Звёзды спорта

# ПОЗДРАВЛЯЕМ!




# Очередной успех на международных соревнованиях

В феврале и в марте 2021 года в столице Катара - в г. Доха проходили международные соревнования по конкуру (конно-спортивные соревнования), в которых участвовали 70 спортсменов из таких стран как Катар, Франция, Россия, Швеция, Объединенные Арабские Эмираты, Кыргызстан и др. На данных соревнованиях Кыргызстан представлял наш соотечественник, неоднократный победитель и призер международных соревнований, двухкратный бронзовый призер азиатских игр и чемпион Евразии, мастер спорта международного класса из г. Бишкек ***Камильжан Сабитов.*** Соревнования по конкуру проходили в три этапа. На первом этапе он завоевал серебро. На последующих втором и третьем этапах он удостоился бронзовыми медалями. Мы от всей души поздравляем Камильжана с серебряной и бронзовыми медалями на этих престижных международных соревнованиях. Сейчас Камильжан Сабитов готовится к финальным соревнованиям Кубка Мира, которые состоятся в конце июля этого года в г.Москве. Отборочные игры финала Кубка Мира будут проходить в три этапа: в апреле (г. Ташкент), в мае (г.Бишкек) и в июне (г.Алматы). Мы пожелаем Камильжану Сабитову больших спортивных побед на аренах финала Кубка Мира.

***Абдурахим Хапизов***

# МИЛОСЕРДИЕ

*Заместитель председателя Республиканского этнокультурного центра уйгуров Казахстана, член АНК Долкунтай Абдулхалил принял участие в акции, посвещенной ко Дню благодарности, которая проходила 1 марта 2021 года, посетив совместно с Советом матерей при АНК г. Алматы Центр социальных услуг «Шапагат», в котором получают специальные социальные услуги дети, имеющие сложные структуры дефекта, с диагнозами ДЦП, синдром Дауна, дети с тяжелой и глубокой умственной отсталостью, задержкой психического и моторного развития, и передал центру новый телевизор, детские игры и сладости.*

**Сайт Abdulhalil Aleif**



# ПОЗДРАВЛЯЕМ!

* * * * *

*В февральском номере газеты «Иттипак» было освещено мероприятие День родного языка, проведенный Комитетом женщин ООУ КР «Иттипак», со стихами и танцами выступили юные таланты, среди них был Ихсан Абдраимов. По решению жюри конкурса он был награжден ценными подарками, Поздравляем его с участием в конкурсе.*



*От имени Женсовета села Ново-Покровка*
**Асиям Малабакиева**

* * * * *

# Внимание!

Родственники из США ищут родных - Абдурусула и Зафара Иминовых (сейчас им 42-45 лет) в Кыргызстане и Казахстане.

На фотографии 1990 года справа: женщина – Жаннатбуви, сейчас ей примерно 70-75 лет. Слева: мужчина в шляпе - Иминжан Абдрахманов (умер), посередине: женщина - Ошурхан Желил (умерла 2002г), сидят - Абдурусул и Зафар Иминовы сейчас им примерно 42-45 лет. Они жили в Кыргыстане, в г.Ош и в Казахстане.

Родственники, отзовитесь! Мой вацап номер +996 773999559 – Исмаил Таиров

